مۇھەممەتئىمىن توختى



# ئانار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەممەتئىمىن توختى

# مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئىلمى

## ئانار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھىدايىتۇللا سەلەي

## كىرىش سۆز

ئانار ئۆزۈقلۇق تەركىبى مول، ئىقتىسادىي قىممىتى
يۇقىرى، شىپالىق رولى كۆرۈنەرلىك، بازىرى ئىتتىك مې-
ۋە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھ-
سۇلاتلىرىنىڭ بىرى. ئانار تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلار
باشقا ھەر قانداق مېۋىدىكىدىن مول بولغاچقا، تۈرلۈك
كېسەللىكلەرگە شىپالىق دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ كىشىلەر ئۇنى «جەننەتتىن چىققان مېۋىلەرنىڭ
سۇلتانى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا
ئانارنىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزاق بولسىمۇ، لېكىن ھەر
خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئانار ئىشلەپچىقىرىشى تازا يۈك-
سەلمىدى. پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي
سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ ئانار ئىشلەپچى-
قىرىشىدا بەلگىلىك تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ئانارنىڭ
تاۋارلىشىش نىسبىتى ئاشتى. لېكىن بۇ تەرەققىيات خەلق-
نىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىدىن ئېلىپ ئېيت-
قاندا كىشىنى تازا قانائەتلەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭدى-
كى سەۋەب ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئانار ئۆستۈرۈشتە
ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، كونا تەجرىبىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئىل-
مىي ئۇسۇللارغا سەل قاراش ياكى ئۇنى ئومۇملاشتۇرماس-
لىق ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئانار ئۆستۈرۈشتە ئەۋزەل تەبى-

ئىي شارائىتقا ئىگە. شۇڭا بىز بۇنداق ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئانار ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئانار مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز لازىم. كەڭ دېھقانلارنىڭ ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىشى ۋە كېڭەيتىشىگە ئاز تولا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇزاقتىن بېرى توپلىغان ماتېرىياللىرىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم. كىتابنى يېزىش داۋامىدا ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بىر قىسىم باغۋەنلەر ۋە پېشقەدەم تېخنىكلارنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتىم. بۇ يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەمەلىي تەجرىبەم كەمچىل، سەۋىيەم تۆۋەن، قەلەم ئىقتىدارىم ئاجىز بولۇش تۈپەيلى كىتاب بەزىبىر خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتور

1990 - يىل 6 - ئاي

## مۇندەرىجە


I. ئانار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........................ 1
1. تارقىلىشى ........................................ 1
2. خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى .................. 4
II ئانارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سورتلىرى ................ 8
1. مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ........................ 8
2. ئالاھىدىلىكى ........................................ 12
3. سورتلىرى ............................................ 16
4. پىششىقلاپ ئىشلەش .................................. 23
III ئانارنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ............... 27
1. تەبىئىي شارائىتقا بولغان تەلىپى .................. 27
2. تۇزلۇقى .............................................. 29
3. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە مېۋىلەش خۇسۇسىيىتى ...... 34
IV ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ........................ 37
1. قەلەمچە تەييارلاش .................................. 38
2. كۆچەت يېتىشتۈرۈش .................................. 42
3. كۆچەتخانا بىنا قىلىش .............................. 46
4. قەلەمچە تىكىش ...................................... 49
5. پەرۋىش قىلىش ...................................... 65

6. قىشتىن ئۆتكۈزۈش ........................ 72
V باغ بىنا قىلىش ........................ 75
1. يەر تاللاش ۋە پىلانلاش ........................ 75
2. كۆچەت تەييارلاش ........................ 77
3. كۆچەت تىكىش مەزگىلى ........................ 78
4. كۆچەت قومۇرۇش ۋە يۆتكەش ........................ 79
5. كۆچەت تىكىش ........................ 82
VI باغ پەرۋىشى ........................ 85
1. پەرۋىش قىلىش ........................ 85
2. تولۇقلاپ تىكىش ........................ 89
3. قۇر ئارىسىغا زىرائەت تېرىش ........................ 92
4. سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش ........................ 94
5. مېۋىگە كىرىشنى تېزلىتىش ........................ 97
6. مېۋىگە كىرگەندىن كېيىنكى پەرۋىش ........................ 100
VII ئانارنى ئۈزۈش ۋە ساقلاش ........................ 103
1. ئۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ........................ 103
2. ئۈزۈش مەزگىلى ۋە ئۈزۈش ئۇسۇلى ........................ 104
3. ساقلاش ........................ 106
4. قاچىلاش ۋە يۆتكەش ........................ 108
VIII ئانار دەرىخىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ........................ 110
1. كۆمۈش مەزگىلى ۋە كۆمۈش ئۇسۇلى ........................ 110
2. ئېچىش مەزگىلى ۋە ئېچىش ئۇسۇلى ........................ 113
3. تېرەك قويۇش ........................ 116
IX كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئۇنىڭ

ئالدىنى ئېلىش ........................................ 119
1. كېسەللىك زىيانداشلىقى ........................ 119
2. ھاشارات زىيانداشلىقى ........................ 125
3. ئانار دەرىخىگە زىيان سالىدىغان پارازىت
ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ................ 137

# I ئانار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## 1. تارقىلىشى

ئانار — ئاسيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۆتىدىل بەلباغ ۋە ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىغا، ئوتتۇرا دېڭىز بويىلىرىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقالغان قەدىمىي مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن ئىران قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە مەركەزلىك ھالدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ھازىر نۇرغۇن مەملىكەتلەردە يىلدىن يىلغا كېڭەيتىلمەكتە.

شىنجاڭ ئانار ئۆستۈرۈشتە 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. ئەمگەكچان شىنجاڭ خەلقى تەبىئىي شارائىتلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قەدىمدىن تارتىپلا ئانار قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەرنى كەڭ دائىرىدە ئۆستۈرۈپ كەلگەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئانار دەرىخى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ئايرىم ناھىيىلىرىدە ئۆستۈرۈلەتتى، ئەمدىلىكتە بولسا شىمالىي شىنجاڭغىچە كېڭەيتىلدى. ئىلگىرى يېزىلاردا مەخسۇس باغلاردا، دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئاراملىرىدا ئۆستۈرۈلەتتى، ئەمدىلىكتە بولسا شەھەرلەردىن ئورۇن ئېلىپ، شەھەر

كوچىلىرىدا، شەھەر خەلقىنىڭ ھويلا - ئاراملىرىدا ئۆستۈ-رۈلىدىغان بولدى. دېمەك، ئانار دەرىخىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى يىلدىن يىلغا كېڭەيمەكتە.

شىنجاڭ ئانىرى سورتلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، كۆر-كەملىكى، رەڭدارلىقى، تاتلىقلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلى-قى، شىپالىق رولى ۋە ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلى-قى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنياغىمۇ مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ئانارنى كۆز كۆنلىرى بەرگىسى بىلەن ئۆزۈپ تەكچىلىرىگە تىزىپ، تام - تورۇسلارغا ئېسىپ، ئۆيلىرىنى زىننەتلەشكە ئادەت-لىنىپ كەلگەن. ئانارنىڭ گۈلى قەدىمدىن تارتىپ ئۇي-غۇر خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنىڭ بىرى بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا يې-ڭىدىن كۆز ئاچقان ئوماق قىزلىرىغا «ئانارگۈل»، «ئانار-خان» دەپ ئىسىم قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. شىنجاڭدا تو-قۇلغان ھەر خىل نۇسخىلىق رەڭگارەڭ گىلەملەر ئىچىدە «ئانارگۈلى» نۇسخىلىق گىلەم كۆركەم، رەڭدار، نەپىس بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ئانار ۋە ئانارنىڭ چېچىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا سىمۋول ياكى تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن نەپىس كەشتىلەر ياكى سۈرەت قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىپ، زوق - شوقىنى ۋە ھېس - ھايا-جىنىنى قوزغىتىدۇ.

كۆرەرمەن باغى جەننەت مېۋىسىدىن،
ياقاقمىغ نارىنى يۈز قەتلە بېھراق.

(ئانارده‌ك يۈزۈڭنى جه‌ننه‌تنىڭ مېۋىسىدىن
مىڭ هه‌سسه ياخشى كۆرىمه‌ن)
ئاتايى (غه‌زه‌لله‌ر)

كۈله‌رده كۆرسه ئاغزى بىرله‌تشىن،
بولۇر گۈلنارى خه‌ندان پاره - پاره.

(ئاغزى بىله‌ن چىشىنى كۈلگه‌ن چاغدا كۆرسه
ئانارگۈلى قات - قات ئېچىلىدۇ)
سه‌ككاكى (غه‌زه‌لله‌ر)

11 - ئه‌سىردىن 19 - ئه‌سىرله‌رگىچه ياشاپ ئىجادىيه‌ت بىله‌ن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئه‌دەبىياتىنىڭ مه‌شهۇر ۋه‌كىللىرى ئۆزلىرىنىڭ داستان، غه‌زه‌ل، مۇخه‌مه‌سلىرىده ئۆزلىرى ياراتقان ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ چىرايى، مه‌ڭزى ۋه له‌ۋلىرىنى ئانارنىڭ رەڭگىگه ئوخشاتسا، ته‌قى - تۇرقى، قه‌ددى - قامىتىنى گۈلىگه سىمۋول قىلىدۇ. ئۇيغۇر خه‌لق قوشاقلىرىدىمۇ بۇنداق ته‌سۋىرله‌ر ناهايىتى كۆپ.

دېمه‌ك، ئانار ئۇيغۇر خه‌لقىلا ئه‌مه‌س، هه‌ر مىلله‌ت خه‌لقى ياخشى كۆرىدىغان، كىشىله‌رنى ئۆزىگه مه‌پتۇن قىلىپ، هېس - هاياجان قوزغىتىدىغان، يېمه‌كلىك ئورنىدا ئىستېمال قىلسا ئاده‌مگه قۇۋۋه‌ت بېرىدىغان، ئاغرىقلار يېسه كېسه‌للىگه شىپا بولىدىغان ئېسىل مېۋىله‌رنىڭ بىرى.

## 2. خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى

ئانار ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدىغان باشقا داڭ-لىق مېۋىلەرگە ئوخشاش، ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن ئال-قىشىغا ئىگە بازىرى ئىتتىك مېۋىلەرنىڭ بىرى.

ئانار مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 12 — 20% قەنت ماد-دىسى، 17% كاربون - سۇ بىرىكمىسى، 0.4 — 1% ئالما كىسلاتاسى، ئاقسىل، ۋىتامىن C، لىمون كىسلاتاسى ۋە 1.1% ماي ماددىسى بار. ئۇرۇقى تەركىبىدە ماي بولغان-دىن باشقا، ھەر 100 گرام ئۇرۇق تەركىبىدە 11 مىللى-گرامدىن ئارتۇق ۋىتامىن C بار. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئانارنىڭ مېۋىسى، شەربىتى، مۇرابباسى، پوستى، ئۇرۇقى، چېچىكى، خەمىكى قاتارلىقلار شىپالىق دورا سۈپىتىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. ئاناردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر خەلقئارا بازاردىمۇ داڭلىق. ئانارنىڭ مېۋى-سىنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ئۇنىڭدىن شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئانار شەربىتى ئىس-سىق بولۇپ، تال، يۈرەك، ئاشقازان، يەل تاشما كېسەللى-رىگە شىپا بولىدۇ. كۆكۈل ئاينىشىنى، ئۇسسۇزلۇقىنى، قىز-زىتمىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئانارنىڭ چې-چىكىدىن ئانار مۇراببسى تەييارلاشقا بولىدۇ. ئۇ، ئاشقا-زان، يۈرەك كېسەللىكلىرىگە شىپالىق بېرىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، مېڭىنىڭ ھۆللۈكىنى ساقلايدۇ.

ئانار پوستىدا تانىن ماددىسى (ئاشلىغۇچى كىسلاتا) كۆپ بولغاچقا، ئۇ، بوياقچىلىق ۋە كۆن - خۇرۇم سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ئانار پوستىدا يەرلىك ئۇسۇلدا بويالغان رەختلەر ئۇزاق يىللارغىچە ئۆڭمەيدۇ. ئۇنى سوقۇپ مەلھەم قىلىپ باش، يۈز قاتارلىق سىرتقى ئەزالاردا بولىدىغان سۇلۇق جاراھەتلەرگە چاپىسا تېز مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆپكە كېسەللىكى، سېرىق سۇ يېيىش، كۆك يۆتەل، چىش ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئانار چېچىكى يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالايدىغان «قۇرسى كەھرىبا» تابلېتكىسىنىڭ تەركىبىدە ئىشلىتىلىدۇ، سوغى چىقىپ قېلىش كېسەللىكىنى داۋالايدىغان «قۇرسى ئانارگۈلى» تابلېتكىسىنىڭ تەركىبىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ «قۇرسى تاباشىرقابىز» تابلېتكىسى ياساپ، قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ.

ئانار ئۇرۇقىنى قورۇپ سوقىزۇپ «سۇپسۇپى قابىز» تالقىنى ياساپ، سىرتقى ئەزالاردىكى سۇلۇق جاراھەتلەرگە چاپىسا تېز ئۈنۈم بېرىدۇ، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، ماغدۇرسىزلىنىش، سوغى چىقىپ قېلىش ھەمدە يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، مەددە چۈشۈرىدۇ.

ئانار خەمىكىنى باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تالقان ياساپ بۇرۇنغا پۈركۈسە، باش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، كۆز ئاغرىش، بۇرۇن ئىچىدىكى ئاقما جاراھەت ۋە سېسىق پۇراقلارنى يوقىتىدۇ؛ ئانار چېچىكى بىلەن قوشۇپ سوقۇپ قولتۇق، پۇت بارماقلىرىغا سەپسە

كۆپ تەرلەش ۋە تەرنىڭ پېرىقىنى يوقىتىدۇ؛ ئۆيگە چاچسا ئۆيدىكى سېسىق پۇراقنى يوقىتىپ، دېزىنفېكسىيە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئانار ياغىچى ئەۋرىشىم، چىدامىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل نەپىس ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغىلى، شاخ - نوتىلىرىدىن سېۋەت قانارلىقلارنى توقۇغىلى بولىدۇ. ئانارنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقى تەركىبىدە ئاقسىل ۋە ئاز مىقداردا تاننىن ماددىسى بولۇپ، قەۋزىيەت كېسەللىكلىرىگە تېز مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى ئوپۇنەت مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئانار يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ ھەر كۈنلۈكى ئاز - ئازدىن ئۇدا بىر ئايغىچە چارۋىلارغا يەم - خەشەك ئورنىدا بەرسە ئۇلارنى سەمرىتىدۇ، چارۋىلاردىكى ئىچكى پارازىت قۇرت ۋە مەددىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ، مېيىنى پارقىرىتىدۇ. قىسقىسى، ئانار دەرىخى ۋە ئانار مېۋىسىنىڭ ھەممە قىسىملىرى خەلق ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇنى ئىستېمال بۇيۇملىرى ئورنىدا ياكى داۋالاش ئىشلىرىدا ئىشلىتىشكىمۇ، ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقىمۇ ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ئانار دەرىخى چىرايلىق چېچەكلەپ، كۆپ مېۋە بېرىدىغان، ئۆمرى ئۇزاق دەرەخ بولغاچقا، مەنزىرە دەرىخى ئورنىدا ھويلا - ئارام، ئىدارە - ئورگان، باغچىلاردا ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئانار ئۆستۈرۈشتە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش، سورت يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش، پەرۋىش قىلىش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، يۆتكەش، ساقلاش

قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتماقتا. ئانارنىڭ مەھسۇلاتى ۋە ئۇنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى بەكمۇ تۆۋەن بولماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن پەن - تېخنىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىقىدەك ئاجىز نۇقتىلارنى تۈگىتىپ، ئانارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

ئانار دەرىخى ئۆمرى ئۇزاق، مەھسۇلاتى يۇقىرى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. ئوبدان مېۋە بەرگەن بىر تۈپ ئانارنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ياڭاق ۋە ئەنجۈر دەرىخىدىن باشقا ھەرقانداق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. تازا بولاقتا كىرگەن بىر تۈپ ئوتتۇرا ياشلىق ئانار دەرىخىدىن يىلىغا 60 — 70 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىپ، 120 —140 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. بىر مو يەرگە 5 × 5 شەكلىدە 27 تۈپ ئانار دەرىخى تىكىلگەن بولسا، يىلىغا 1800 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىپ تەخمىنەن 3600 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق ئانار ئۆستۈرۈلىدىغان چىرىيە ناھىيىسىنىڭ چىرىيە يېزىسىدىكىلەر 1987 - يىلى 177 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئانار ئۈزۈپ، 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان. قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق ئانار ئۆستۈرۈلىدىغان قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بېشىرىق يېزىسىدا 1986 - يىلى ئانارلىق باغلارنى كۆتۈرە ئالغان ئالتە ئائىلىلىك دېھقان 22 مىڭ كىلوگرام ئانار ئۈزۈۋېلىپ، 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان.

# II ئانارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سورتلىرى

## 1. مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

ئانار ئانار ئائىلىسى (*punica ceae*)دىكى ئانار ئۇرۇقـ دىشى (*punica*)غا كىرىدىغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان كىـ چىك غوللۇق، كۆپ شاخلىق چاتقال ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاساسەن 4 — 5 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئۇ، باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئانار دەرىخى يىلتىز، غول، شاخ، يوپۇرماق، چېچەك، مېۋە، ئۇرۇق قاتارلىق بىرقانچە قىـ سىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئانار دەرىخىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان. ئانار دەرىخى ئائىلىـ سىدە يالغۇز بىرلا ئانار ئۇرۇقدىشى ۋە ئۇنىڭ ئىككى خىل سورتى بار.

ئانار دەرىخىنىڭ شاخلىرى قويۇق بولۇپ، ئاساسلىق شاخلىرىنىڭ دىئامېتىرى ئەڭ چوڭ بولغاندا 10 —12 سانـ تىمېتىر، نورمال ئۆسكەنلىرىنىڭ 7 —8 سانتىمېتىر بولىدۇ. قېرى شاخلىرىنىڭ شوخىسى ئاز ھەم قاتتىق، يۇمران نوـ تىلىرىنىڭ شوخىسى كۆپ ھەم يۇمشاق بولىدۇ. قېرى شاخـ

لىرى يېڭىدىن بىخ چىقىرىش ئارقىلىق چېچەكلەيدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ غول، شېخىدىن باشقا، يىلتىز قىسمىدىنمۇ كۆپلىگەن نوتىلار يېتىشىپ چىقىپ، قوشۇمچە شاخلارنى ھاسىل قىلىدۇ. يىلتىز قىسمىدىن يېتىشىپ چىققان نوتىلار بەك قويۇق، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئىلگىرى - كېيىن بولغاچقا، ئۇنى ھەر يىلى ئەتىياز ياكى كۈز پەسىللىرىدە ئارىلاپ ياكى تولۇق چاتاپ قەلەمچە قىلىش لازىم. يىلتىز بوغۇزىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلارنى يېرىپ ئېلىپ مۇستەقىل كۆچەت قىلىپ تىككىشكىمۇ ياكى باستۇرۇپ كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ. ئانار دەرىخى يېتىلگەن كونا شاخلاردىن يېڭى مېۋە شاخلىرىنى يېتىلدۇرۇپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى چاتىغاندەك قارا - قويۇق چاتاشقا بولمايدۇ، پەقەت قۇرۇپ كەتكەن، كېسەللىك تەگكەن، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغان شاخلار ۋە غول، يىلتىزلاردىن ئۆسۈپ چىققان شاخلارلا كېسىپ تاشلىنىدۇ.

ئانار دەرىخى سوغۇققا چىدامسىز بولغاچقا، كەچ كۈزدە كۆمۈپ، ئەتىيازدا ئېچىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، يىل بويى كۆمۈلگەن يۆنىلىشكە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. قېرى شاخلىرى كۈلرەڭ ياكى سۇس كۈلرەڭ، 1 — 2 يىللىق نوتىلىرى يېشىلغا مايىل ئاق بولىدۇ. قېرى غوللىرى ئاق، مۇدۇرچاق بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ قوۋزاقلىرى يېرىلغان بولىدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ئاددىي بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان ئۇچلۇق، ئۇزۇنلۇقى 5 — 6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1·5 — 2·5

سانتىمېتر بولىدۇ، يوپۇرمىقى يوپۇرماق ئالقىنى، يوپۇرماق بېغى، يوپۇرماق گىرۋىكى، يوپۇرماق تومۇردىن تەشكىل تاپىدۇ. يوپۇرماق ئالقىنىدا نۇرغۇن ئۇششاق تومۇرلار غول تومۇرغا رەتلىك تۇتاشقان بولىدۇ.

ئانارنىڭ چېچىكى ئىككى جىنسلىق، شەكلى چوڭ بولۇپ، يەككە ياكى 2 — 4 تالدىن غۇژمەك ئۆسىدۇ، رەڭگى توق قىزىل بولۇپ، كانايسىمان ئېچىلىدۇ. ساپىقى ئۇزۇن، چېچەككە تۇتاشقان قىسمى تومراق كېلىدۇ، چېچەك كاسىسى بىلەن چېچەك تاجىسى قىزىل، ئاتىلىق ئۇرۇقدېنى ئالتە خانىلىق بولۇپ، ئىككى خانىسى تۆۋەنكى قىسمىدا بولىدۇ. ئۇرۇقدېنى چېچەك يېپىنچىسىدىن تۆۋەن جايلاشقان، ئانىلىق تۈۋرۈكى بىلەن تۇمشۇقچىسى بىر بولۇپ، ھاشارات ۋە سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق چاڭلىشىدۇ.

ئانارنىڭ مېۋىسى يۇمىلاق، چوڭ بولۇپ، پوستى قېلىن، بەرگىگە قارشى تەرەپىدە كىنددىك تاجىسى بولىدۇ، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن ئۇرۇق بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ سىرتىنى شىرنىلىك، سەل چۈچۈمەل كەلگەن قىزىل پوستلاق ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ تېگى ئاق، ئىچىدە مېغىزى بولىدۇ.

ئانار چېچىكىنىڭ كاسىسىغا قاراپ قايسىنىڭ راست چېچەك (چىشى چېچەك)، قايسىنىڭ يالغان چېچەك (ئەركەك چېچەك) ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. راست چېچەكنىڭ كاسىسى خۇددى قاپاققا ئوخشاش بوغماق بولۇپ، مېۋە شەكلىنى ئالغان بولىدۇ، يالغان چېچەك قوڭغۇراققا ئوخشاش بولىدۇ، كۆپ ئۆتمەيلا چېچەك كاسى-

سى بىلەن بىللە يىگىلەپ چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر تۈپ ئانار دەرىخىدىكى غۇنچىلار نىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئېچىلىشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، دەسلەپ ئېچىلغانلىرى بىلەن كېيىن ئېچىلغانلىرى تەخمىنەن 20— 25 كۈن پەرقلىنىدۇ. بۇ تۈپەيلى ئوخشاش بىر تۈپتىكى مېۋىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، سۈپىتىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

كلىمات، تۇپراق قاتارلىق شارائىت ئانارنىڭ بالدۇر ياكى كېيىن پىشىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئادەتتە 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چېچەكلەپ، 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پىشىدۇ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7-ئاينىڭ باشلىرىغىچە چېچەكلەپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پىشىدۇ. ئەڭ چوڭلىرى 700 گرامدىن ئاشىدۇ، ئوتتۇراھاللىرى 250 - 300 گرام، ئەڭ كىچىكلىرى 80 - 100 گرام ئەتراپىدا كېلىدۇ.

ئانارنىڭ مېۋىسى ساپىقى، پوستى، كىنىدىك تاجىسى، نېپىز پەردىسى، دېنى، ئېتى، ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بىرقانچە قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇرەككەپ مېۋە قاتارىغا كىرىدۇ. ئەڭ چوڭ ئانار مېۋىسىنىڭ دېنى 600 دىن ئاشىدۇ، ئەڭ كىچىكىنىڭمۇ 300 دىن كەم بولمايدۇ. بەزى سورتلارنىڭ مېۋىسى كىچىك بولسىمۇ، دېنى چوڭ، دېنىنىڭ رەڭگى قارامتۇل قىزىل، تەمى تاتلىق بولىدۇ. بەزى سورتلارنىڭ مېۋىسى چوڭ بولسىمۇ، دېنى كىچىك، دېنىنىڭ رەڭگى سۇس قىزىل، تەمى قېرىدق ياكى چۈچۈمەل كېلىدۇ (بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاخىرىدا سۆزلەيمىز).

ئانار پوستىنىڭ رەڭگى ۋە تۈزۈلۈشى ئوخشاش بول-مايدۇ. ئادەتتە ئانار پوستىنىڭ قېلىنلىقى 1·5 — 4 مىللى-مېتر بولىدۇ. يېڭى ئۈزۈلگەنلىرىنىڭ قېلىن. ئۈزۈپ بىر مەزگىل تۇرغۇزۇلغانلىرىنىڭ نېپىز بولىدۇ. ئانارنىڭ ئىچىدە 6 — 8 قەۋەت سېرىق ياكى ئاق نېپىز پەردە بو-لۇپ، دانىلىرى بىر ئۇچى نېپىز پەردىگە، بىر ئۇچى پوستقا چاپلاشقان هالدا تىزىلىپ قويغاندەك رەتلىك چاپلاش-قان بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئەڭ چوڭلىرى بوغدايچىلىك بولۇپ. ئىككى ئۇچى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ، پوستقا چاپلىشىپ تۇرغان ئۇچى ئىنچىكە هەم ئۇچلۇق، نې-پىز پەردىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئۇچى توم بولىدۇ. ئۇرۇقى-نىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 — 6 مىللىمېتر، توملۇقى 1·5 — 2·5 مىللى-مېتر بولىدۇ.

ئانار دەرىخى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا رەسمىي يو-پۇرماق چىقىرىپ، 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا يوپۇرماق تاش-لايدۇ، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياكى ئاخىرلىرىدا كۆمۈلىدۇ.

## 2. ئالاهىدىلىكى

ئانار دەرىخى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش ئۆزگىچە ئالاهىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاهىدىلىك باشقا مېۋى-لىك دەرەخلەر بىلەن مورفولوگىيىلىك جەھەتتىلا پەرق-لىنىپ قالماي، بەلكى بىئولوگىيىلىك جەھەتتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ ئالاهىدىلىك تۆۋەندىكى تەرەپ-

لەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئانار دەرىخى قۇرغاقچىلىققا ۋە يۇقىرى تېمپېرا-تۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان 7 - ئايلاردىكى 40 — 42 سېلسىيە گرادۇسلىۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىمۇ يوپۇرماقلىرى ئاسانلىقچە سولاشمايدۇ، يىل بويى ئاران 2 —3 قېتىم سۇغىرىلسىمۇ ئۇسساپ قۇرۇپ كەتمەيدۇ.

2) قۇم تۇپراق، قۇمسال چىرىندە تۇپراق، بىنام، يېنىك سېغىز تۇپراق ياكى نېپىز قانلاملىق تۇپراقلاردا بىمالال ئۆسۈۋېرىدۇ.

3) سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىن ئوق يىلتىزلىرى ئار-قىلىق سۇنى، نېپىز تۇپراق قاتلىمىدىن چاچما يىلتىزلىرى ئارقىلىق مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈپ ھاياتىي كە-چۈرىدۇ.

4) كۆپەيتىش ئاسان، كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئاددىي، ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى تۈۋىدىن چىق-قان نوتىلىرىنى يېرىپ ئېلىپ تىكىپ كۆپەيتىشكىمۇ، قە-لەمچە قىلىپ كۆپەيتىشكىمۇ، نوتا باستۇرۇپ كۆپەيتىشكىمۇ، تېرىپ كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ.

5) قۇم - بورانغا تاقابىل تۇرالايدۇ. ئانار دەرىخى-نىڭ شاخلىرىنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ھەر-قانچە قاتتىق بوران چىققان تەقدىردىمۇ سۇنۇپ ياكى قومۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. 50 — 70 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى

قۇم ئاستىدا قالسىمۇ چېچەكلەپ مېۋە بېرىۋېرىدۇ. مېۋىسى سىرتقى كۈچ تەسىرىدىن ئاسانلىقچە يېگىلەپ قالمايدۇ ياكى تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ.

6) ئانار مېۋىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمى يۇقىرى بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ھەممە تەركىبلىرىدىن دورا ياساپ كېسەللەرنى داۋالاشقا بولىدۇ.

7) ئانارنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋېلىش ئالما، نەشپۈت، ئەنجۈرلەرنىڭكىدىن ئاسان، ساقلاش ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى 4 - ئايلارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز پېتى ساقلىغىلى بولىدۇ.

8) پاكار - كىچىك بولۇپ، كۆپ يەر ئىگىلىمەيدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان بىلەن، بويى پاكار. شۇڭا ئانارلىق باغلاردا قۇر ئارىلىقلىرىدىكى بوش يەرلەرگە سامان غوللۇق زىرائەت ۋە كۆكتات تېرىپ، ھەم يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى، ھەم ئانارنىڭ كۆپ مېۋە بېرىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

9) كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك. ئانار دەرىخىنىڭ كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇنداق زىيانداشلىققا ئاسان ئۇچرىمايدۇ.

10) ئانارنىڭ دەردىكى مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، چېچەكلىرى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مېۋىسى كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قوزغاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

كىشىلەر ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئانار جەننەتتىن چىققان مېۋىلەرنىڭ سۇلتانىمىش. ئۇ ئەمەلمەنسەپ تەمە قىلماي، ئاددىي ياشىنى، ئېگىلگەنگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىمىش. ئاللاتائالا ئۇنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىللىقىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىققان مېۋىلەرنىڭ سۇلتانى بولۇشنى ئەمر قىلغانىمىش، شۇڭا ئۇنىڭ ئىككى مەغزى تەمە قىلمىسىمۇ مەنسەپ نېسىپ بولغانلىقىدىن ئۇيىلىپ، دائىم قىزىرىپ تۇرارمىش.»

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تىمىزنىڭ نەمۇنىلىرىدىن «شەكەرىستان»دا شۇنداقلا نىيازىنىڭ «مېۋىلەر ۋەسفى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئانارنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان. شائىر نىيازى «مېۋىلەر ۋەسفى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان.

....................................

ئالمىغا تەگدى مەنسەپى قازى،
بولدى شول ۋاقىتتا ئانار مۇپتى.

....................................

(«بۇلاق» 1983 - يىلى ئومۇمىي 10 - سان)

دېمەك، ئانارنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا كىشىلەر تەرە-

چىدىن قىزغىن تەرىپلىنىپ كەلگەن.
ئانارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىپ ھالدا بەزى ئىنچىكە، نازۇك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار. بولۇپمۇ تۇپراق، ھاۋا كىلىماتىغا ماسلاشتۇرۇش، باغنى يەرلەش قىلىش، كۆچەت ئۆستۈرۈش، ئوغۇتلاش جەھەتلەردە ئىنچىكە، مۇرەككەپ تېخنىكىلىق مەشغۇلاتنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشنى ئۆزىدىكى ئىرسىيەتلىك قانۇنىيەتلەر بەلگىلىگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك، بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، تېخنىكا ـ تەلەپ بويىچە ياخشى باشقۇرۇپ، ئوبدان پەرۋىش قىلىدىغان بولساق، مەھسۇلاتنى يىلىمۇ يىل ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى، تەمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

## 3. سورتلىرى

ئانارنىڭ سورتى باشقا مېۋىلەرنىڭكىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن تەم، سۈپەت، ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئانار ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا ئانارنى سورتقا ئايرىشتا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ـ بەلگىلىمە يوق، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە سورتقا ئايرىيدۇ. مەسىلەن، قەشقەر رايونىنى ئېلىپ ئېيتساق، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بېشىرىق يېزىسىدىكى دېھقانلار دانىنىڭ ئانار، خېشەك ئانار، ئاچچىق ئانار، تەلۋە ئانار دېگەندەك سورتلارغا ئاي-

رىدۇ. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا بولسا، تاتلىق ئانار، چۈچۈمەل تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار دېگەن سورتلارغا ئايرىيدۇ. خوتەن رايونىدا تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار، ناخۇش (تەلۋە) ئانار دەپ ئۈچ چوڭ سورتقا ئايرىيدۇ.

لېكىن بىز ئانار دەرىخىنى ئۆسۈملۈكلەر كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ ئائىلىدە يالغۇز بىر ئانار ئۇرۇقدىشى ۋە ئۇنىڭ ئاچچىق ئانار، تاتلىق ئانار دېگەندىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار، ھەر قايسى رايونلاردا مەيلى قانداق ناملار بىلەن ئاتالسۇن، ئانارنىڭ سورتى يۇقىرىقى ئىككى سورتتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. تەلۋە ئانار، ناخۇش ئانار، چۈچۈمەل ئانار دېگەنلەر ئاچچىق ئانارغا مەنسۇپ بىر كىچىك تۈر بولۇپ، بۇ خىل ئانار تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، كىسلاتا ۋە باشقا ماددىلار ئاچچىق ئانار تەركىبىدىكىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تەم جەھەتتىمۇ كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.

ئانار ھەرقايسى سورتلار بويىچە سىرتقى كۆرۈنۈشى، چوڭ - كىچىكلىكى، سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا قاراپ چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك دېگەندەك ئۈچ خىل دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

رەڭگىنىڭ توق قىزىل ياكى سۇس قىزىل، دانىسىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك، دېنىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك، قارامتۇل قىزىل ياكى سۇس قىزىل بولۇشى ئانارنىڭ ئىرسىيەت خۇسۇسىيىتىگە باغلىق بولغاندىن تاشقى-

ری، پەرۋىشىنىڭ ياخشى يامان بولۇشى، تۇپراقتا ماسلىشىشچانلىقى، هاۋاكىلىماتى، يورۇقلۇق ۋە كۈن نۇرىنىڭ تەكشى چۈشۈش - چۈشمەسلىكىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. دانىسى چوڭ، رەڭگى توق قىزىل، پوستى نېپىز، دېنى قارامتۇل قىزىل بولغانلىرى ئەلا سورتلۇق ئانار هېسابلىنىدۇ.

ئانارنىڭ مېۋىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

تاتلىق ئانار. تاتلىق ئانار مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى هەر خىل، پوستى نېپىز، دېنى قارامتۇل قىزىل ياكى سۇس قىزىل، تەمى تاتلىق، ئۇرۇقى كىچىك، شەربىتى كۆپ، ئوزۇقلۇق ماددىسى مول. خۇسۇسىيىتى مۆتىدىل هۆل سوغۇق. هۆل پېتى ئىستېمال قىلىنسا قاننى تازىلايدۇ، نېرۋىنى تۇراقلاشتۇرىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، ئادەمنى سەمرىتىدۇ، ئىشتىهانى ئاچىدۇ، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئانار شەربىتى ئىشلەپ، زىققا، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ۋە قۇۋۋەت دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاچچىق ئانار. ئاچچىق ئانارنىڭ نىسبىتى ناهايىتى ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى هەر خىل، پوستى پارقىراق ۋە سىلىق، دانىسى چوڭ، پوستى قېلىن، تەمى ئاچچىق، ئۇرۇقى چوڭ، شەربەتلىك، مەهسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ. خۇسۇسىيىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

ئاچچىق ئانارنىڭ شىپالىق رولى تاتلىق ئانارنىڭ

كىمدىن ياخشى بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى تېنى ساغلام كىشىلەر
كۆپ ئىستېمال قىلمايدۇ. ئاچچىق ئانار ئاغرىقلارغا ھۆل
پېتى بېرىلسە ياكى سىقىپ سۈيى ئىچۈرۈلسە قىزىتمىنى
پەسەيتىدۇ، سەپرا، سېرىق چۈشۈش، ھەيز نورمال بول-
ماسلىق، تەپ قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
تېنى ئاجىز، ئورۇق كىشىلەر ئاچچىق ئانارنى نورمال ئىس-
تېمال قىلسا ئوڭاي سەمرىدۇ. ئاچچىق ئانارنى باشقا ئا-
نار سورتلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە، ئۇنىڭ دانىسىنىڭ
چوڭلۇقىغا، رەڭگىگە ۋە كىندىك تاجىسىغا قاراپ پەرقلەن-
دۈرگەندىن باشقا يەنە پوستىنىڭ سىلىق ۋە پارقىراقلىقى-
غا قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ناخۇش (تەلۋە ياكى چۈچۈمەل) ئانار. بۇ، ئاچچىق
ئانار سورتىغا مەنسۇپ بولۇپ، جايلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچ-
رايدۇ. رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ،
پوستى قېلىن، تەمى چۈچۈمەل ياكى قېرىق، شەربەتلىك
بولىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولماي-
دۇ. خۇسۇسىيىتى مۆتىدىل. سەرسام، ئەسۋە، چېچەك كې-
سەللىكلىرىگە سىقىپ سۈيى ئىچۈرۈلسە تېز مەنپەئەت
قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا تاتلىق ئانارنىڭ سۈيى بىلەن ئا-
رىلاشتۇرۇپ ئاغرىقلارغا ئىچۈرۈلىدۇ ياكى مەخسۇس دورا
تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاچچىق ئانار يوق ئەھۋالدا نا-
خۇش ئانار ئىشلىتىلسىمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈمى ياخشى بولى-
دۇ. ناخۇش ئانارنى رەڭگى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قا-
راپ تاتلىق ئانار ۋە ئاچچىق ئاناردىن پەرقلەندۈرۈش
قىيىن. شۇڭا باشقا ئانارلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش

ئۇچۇن، ناخۇش ئانارنى ئايرىم ئۈزۈپ، ئايرىم ساقلاش لازىم.

ئانار دەرىخىنىڭ تەبىئىي شارائىتقا بولغان سەزگۈرلۈكى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كىلىماتى سوغۇق، تۇپرىقى ماس كەلمىگەن، ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدىغان رايونلاردا ئۆستۈرۈلگەن ئانار مېۋىسىنىڭ رەڭگى ۋە تەمى كىلىماتى ئىسسىق، قۇم تۇپراق، ھۆل - يېغىن ئاز، قۇرغاق رايونلاردا ئۆستۈرۈلگەن ئانارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ پوستى قېلىن، تەمى چۈچۈمەل، ئۇرۇقى چوڭ، پوستى ئاقۇچ مايىلراق سۇس قىزىل بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆۋەندە ئىلى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ئۈچ رايوننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى.

ئىلى رايونى: ئىلى دېڭىز يۈزىدىن 640—1900 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىلى ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 80—85°، شىمالىي پاراللېل 42—45° قا توغرا كېلىدۇ. ئەتراپى ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىغا كۆپ ئۇچرايدۇ. كۈزدە ئۈششۈك بالدۇر تېگىدۇ، ئەتىيازدا باھار كېچىكىپ كېلىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7 — 8C°، قىراۋسىز مەزگىلى 101—162 كۈن. تۇپرىقى قارا تۇپراق، سېرىق تۇپراق، چىم تۇپراق، شورلۇق - ئىشقارلىق تۇپراق قاتارلىق بىر قانچە خىل تۇپراقتىن تەشكىل تاپقان.

دۇنياغا مەشھۇر «ئالما ماكانى» نى بەرپا قىلغان ئىلى خەلقى قەدىمدىن تارتىپ باغۋەنچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا پەيدىنپەي ماسلاشتۇرۇپ ۋە يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىپ كەلمەكتە. ئانار شىمالىي شىنجاڭغا نىسبەتەن ئىلى رايونىدا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتقان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. ئىلى رايونىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان تەتقىق قىلىش ۋە سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاساسەن بالدۇر پىشىدىغان ئانار سورتى ئۆستۈرۈلمەكتە. بۇ رايوندا ئۆستۈرۈلگەن ئانار مېۋىسىنىڭ دانىسى كىچىك، رەڭگى قىزىل-ياكى ھال رەڭ ،پوستى قېلىن، ئۇرۇقى چوڭ، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. بۇ، تۇپراق، كىلىمات، يورۇقلۇق قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلارنىڭ ماسلاشمىغانلىقىدىندۇر.

قەشقەر رايونى: قەشقەر رايونى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى پامىر ئېگىزلىكى ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن، شەرقىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن، غەربىي قىسمى تەڭرى تېغى بىلەن، شىمالى قىسمى چۆللۈك بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە بوزتاغ، ئېدىرلىق 56·06 پىرسەنتىنى، قۇملۇق 20·40 پىرسەنتىنى، تۈزلەڭلىك 23·54 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەشقەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھۆل - يېغىن كۆپ، تۈزلەڭ رايونلىرىدا ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، كۈن نۇرى يېتەرلىك بولۇپ، خېلى كۆپ قىسىم ناھىيە ۋە يېزىلىرىنىڭ

تەبىئىي شارائىتى ئانار ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. ھازىر قەشقەر رايونى بويىچە، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بېشىرىق يېزىسىدا ئانار بىرقەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلۈپ كەلمەكتە.قەشقەر رايونىدا ئۆستۈرۈلگەن ئانار مېۋىسىنىڭ دانىسى چوڭ (ئادەتتە ئەڭ چوڭلىرى 700 گرامدىن ئارتۇق)، رەڭگى توق ياكى سۇس قىزىل، پوستى قېلىنراق، شەربىتى كۆپ، ئۇرۇقى چوڭ، تەمى تاتلىق ياكى سەل چۈچۈمەل كېلىدۇ، خوتەننىڭ قۇرغاق، قۇم تۇپراق جايلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن ئانارلارنىڭ مېۋىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قەشقەر رايونىنىڭ سېغىز تۇپراق ۋە ئىششارلىق تۇپراق جايلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن ئانارنىڭ مېۋىسى تەركىبىدە كاربون - سۇ بىرىكمىسى ۋە لىمون كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى سەل كۆپرەك،قەنت ماددىسى سەل ئازراق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى تۇپراق جەھەتتىكى پەرقتىن باشقا، سۇنىڭ كۆپ قويۇلۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

خوتەن رايونى: خوتەن رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشىدۇ، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. خوتەن تىپىك چۆللۈك قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا مەنسۇپ رايون بولۇپ، سۇيى كەمچىل، قۇرغاق، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى، ئىسسىقلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول. كۈننىڭ يىللىق يورۇتۇش مىقدارى 2600 سائەتتىن كۆپرەك، قىراۋسىز مەزگىلى 182 — 226 كۈن. تۇپرى-

قى قارا تۇپراق، سېغىز تۇپراق، قۇم تۇپراق، شورلۇق ۋە ئىشقارلىق تۇپراق. خوتەن رايونىدا ئانار ئاساسەن قۇملۇق تۇپراقلاردا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. خوتەن رايونىدا ئۆستۈرۈلگەن ئانار مېۋىلىرىنىڭ دانىسى ئوتتۇراھال بولۇپ، ئادەتتە ئەڭ چوڭلىرى 300—500 گرام كېلىدۇ، كۆپ قىسمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن بىر خىل بولۇپ، 250—300 گرام كېلىدۇ. رەڭگى توق ياكى سۇس قىزىل، پوستى نېپىز، ئۇرۇقى كىچىك، شەربەتلىك، تەمى تاتلىق بولۇپ، تاتلىق ئانار بىلەن ئاچچىق ئانارنىڭ تەم جەھەتتىكى پەرقى ئېنىق ۋە چوڭ بولىدۇ. بۇ، ئانار دەرىخىنىڭ قۇملۇق تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەنلىكى، سۇغىرىش مىقدارىنىڭ مۇۋاپىق، كۈن نۇرىنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## 4. پىششىقلاپ ئىشلەش

ئانارنىڭ چېچىكى، مېۋىسى، ئۇرۇقى، پوستى قاتارلىقلاردىن ھەر خىل يېمەكلىك ۋە ئۈنۈملۈك دورىلارنى تەييارلىغىلى بولىدۇ. ئاناردىن تەييارلانغان يۇقىرى دەرىجىلىك يېمەكلىكلەر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشمەكتە. تۆۋەندە بىز كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم يېمەكلىك ۋە دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

شەربىتى رۇمان (ئانار قىيامى) ئانار شەربىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تەركىبى: ئىككى ئۇلۇش تاتلىق ئانار سۇيى، بىر ئۇلۇش ئاچچىق ئانار سۇيى، ئۈچ ئۇلۇش ئاق شېكەر، سۇ.

تەييارلاش: ئالدى بىلەن تاتلىق ئانار بىلەن ئاچچىق ئانارنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ دېنى ئېلىنىدۇ ۋە ئايرىم-ئايرىم ھالدا پاكىز داكىغا ئېلىپ سىقىپ سۇيى چىقىرىلىدۇ. كېتەرلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە قازانغا سېلىپ، سۇس ئوتتا 3—4 كىلوگرام قالغۇچە قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل بولۇپ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قاننى كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. كەم قانلىق، يۈرەك زەئىپلىشىش، خۇن كۆپ كېلىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەش، رەڭگى-روھىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: ئون ياشتىن تۆۋەنلەر ھەر قېتىمدا ئالتە مىللىگرام، ئون ياشتىن يۇقىرىلار 15 مىللىگرام، كۈندە ئۈچ قېتىم.

ئانار مۇرابباسى (ئانار گۈلقەنى)

تەركىبى: بىر ئۇلۇش ئانار چېچىكى، تۆت ئۇلۇش ئاق شېكەر.

تەييارلاش: ئانار بەرگىلىرىنى يىغىپ، غەيرىي نەرسىلەرنى تېرىۋەتكەندىن كېيىن تاسقاپ چاڭ-توزانلارنى پاكىز چىقىرىۋېتىپ، يۇمشاق سوقۇپ، بىر ئۇلۇش بەرگىگە تۆت ئۇلۇش ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، قول بىـ

لەن ئۇۋۇلاپ شىكەرنى ئۆزىگە ئالغۇدەك ھالغا كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، كوزا، ئالىيۇمىن قازان ياكى ئەينەك شى-
شىگە سېلىپ، ئاغزىنى ھىم ئېتىپ 40—50 كۈن ئاپتاپتا
تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھەر كۈنى بىرنۆۋەت ئارىلاش-
تۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل بولۇپ، ئاشقازان كېسەللىكى،
نېرۋا ئاجىزلىق، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش،
يۈرەكنى كۈچەندۇرۇش، مېڭىگە ھۆللۈك كەلتۈرۈش ئۈ-
چۈن مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ. ئانار گۈلقېنىنى ئىككى
يىل ساقلاشقا بولىدۇ. شېكەر ئورنىغا ھەسەل ئارىلاشتۇ-
رۇلغانلىرىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى، تەسى-
رى تېز بولىدۇ، 3—4 يىل ساقلانسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

مەتبۇخ ئانار دانە (ئانار ئۇرۇقى قايىنىتىلمىسى)

تەركىبى: 30 گرام ئانار ئۇرۇقى، ئالتە گرام مەستى-
كى، ئالتە گرام يالپۇز، 720 مىللىلىتىر سۇ.

تەييارلاش: ئانار ئۇرۇقى بىلەن يالپۇز چالا سوقۇپ
سۇغا بىر كۈن چىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن، سۈيى 480
مىللىلىتىر قالغىچە سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. سوۋۇغاندا
سۈزۈپ تىرىدىلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، يۇمشاق
سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن مەستىكى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەبىئىتى: مۆتىدىل بولۇپ، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى
قۇۋۋەتلەش، قەينى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۆلچەم
پەقەت بىر كىشىلىك بولۇپ، تاتلىق ئانار شەربىتىدىن 20
گرام قوشۇپ كۈنىگە بىرنەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ.

سىرۇپسىرۇپى رۇممان (ئانار ئۇرۇقى تالقىنى)

تەركىبى: ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى سەككىز مىسقال، قەرەدمانا تۆت مىسقال، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى تۆت مىسقال، گەزمازەج ئىككى مىسقال، خەرنوپ نەبتى ئىككى مىسقال، ئانار چېچىكى ئۈچ مىسقال، سىمماق ئۈچ مىسقال.

تەييارلاش: قەرەدمانا بىلەن يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى سىركىگە بىر كېچە - كۈندۈز چىلانغاندىن كېيىن، سۈزۈپ ئېلىپ سايىدا قۇرۇتۇپ سۈس ئوتتا قورۇلىدۇ، ئۇنىڭغا قورۇلغان ئانار ئۇرۇقى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى: كۈنىگە ئۈچ مىسقالدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

قۇرسى گۈلنار

تەركىبى: گۈلنار (ئانار چېچىكى) نىڭ سايىدا قۇرۇتۇلغىنى ئون مىسقال، گىلى ئەرمىنى، سەلىخە، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى تۆت مىسقالدىن، قىزىلگۈل، ئاقا قىيا ھەر بىرى ئۈچ مىسقالدىن، كەترا بىر مىسقال.

تەييارلاش: يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئانار چېچىكى قايىنتىلغان سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ توقماچاق تەييارلىنىدۇ (چوڭلۇقى ئىككى پۇڭ قىممىتىدىكى تىيىندەك بولسا بولىدۇ).

ئىشلىتىلىش مىقدارى: ھەر قېتىم ئۈچ تال، كۈنىگە ئۈچ قېتىم.

# III ئانارنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

## 1. تەبىئىي شارائىتقا بولغان تەلىپى

جەنۇبىي شىنجاڭ تىپىك قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل - يېغىن ئاز، كۈن نۇرى يېتەرلىك، كېچە بىلەن كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، باغۋەنچىلىكنى بولۇپمۇ ئانارلىق باغنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە. چۈنكى، ئانار دەرىخى يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، قۇرغاق ھاۋا ۋە يۇمشاق تۇپراقنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئانار ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان تەبىئىي شارائىتلار:

تېمپېراتۇرا. ئانارنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 40 سېلسىيە گرادۇستىن، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 20 سېلسىيە گرادۇستىن، يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 4600 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى، 3-ئايدىن 9-ئايغىچە بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 3200 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى، قىراۋسىز مەزگىلى 196 كۈندىن ئاشىدىغان جايلاردا ياخشى

ئۆسىدۇ. ياز پەسلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مەزگىل
ئۇزاقراق بولسا، يەنى 30 سېلسىيە گرادۇسلۇق ۋە 35
سېلسىيە گرادۇسلۇق كۈنلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا
ئايىردىم - ئايىردىم ھالدا 80 كۈن ۋە 25 كۈندىن كۆپ بول-
سا ئانار دەرىخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە مېۋىسىنىڭ يې-
تىلىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ.

كۈن نۇرى. يىللىق ئومۇمىي كۈن نۇرى چۈشۈش
ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2800 سائەتتىن يۇقىرى،
بولۇپمۇ 3- ئايدىن 9- ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئومۇ-
مىي كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 1750 سائەت، كۈن نۇ-
رىدىن ئالىدىغان يىللىق ئومۇمىي رادىئاتسىيە قۇۋۋىتى
145 مىڭ كىلوكالورىيە / كۋادرات سانتىمېتىردىن يۇقى-
رى بولغاندا، ئانار دەرىخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مېۋى-
سىنىڭ سۈپەتلىك، تەملىك بولۇشى ئەۋزەل شارائىت بى-
لەن تەمىن ئېتىلىدۇ.

تۇپراق. ئانار دەرىخى قاتتىق، سېغىز، زەي، شور
تۇپراقلاردا ۋە ئىشقارلىق قىممىتى يۇقىرى تۇپراقلاردا
ياخشى ئۆسمەيدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ جايلاردى-
مۇ ياخشى ئايىنمايدۇ، ئايىردىم جايلاردا بىر مەزگىل يەر-
لەشكەن ھالەتتىمۇ مېۋە بېرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپلا
قالماستىن، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. ئانار دەرىخىنى يەر-
لەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن،
ئۇنى ئۆزىنىڭ ياشاش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان
يەرلەرگە تىكىش كېرەك. ئومۇمەن ئالغاندا، تۇپراقنىڭ
ئۈنۈمدارلىقى بەك تۆۋەن بولماسلىقى، تۇپراق تەركىبى-

دىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى 60 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولماسلىقى، بولۇپمۇ كالىي مىقدارى يېتەرلىك بولۇشى لازىم.

سۇ. سۇ دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ بىرى. ئانار دەرىخى ئادەتتە تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن قار، يامغۇر سۇلىرى، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. تۇز مىقدارى ناھايىتى ئاز بولغان قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن سېغىز تەركىبى يۇقىرى بولغان يامغۇر سۈيىدە ياكى تۇز مىقدارى كۆپ بولغان قۇدۇق سۈيىدە سۇغىرىلسا بولمايدۇ.

### 2. تۇزۇلۇشى

دەل ـ دەرەخلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا كۆپ خىل خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ، ماددا ئالمىشىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. بۇ خىل ئېلېمېنتلار ئادەتتە دەرەخلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق دەرەخ يىلتىز، غول، يوپۇرماق، چېچەك (گۈل) مېۋە، ئۇرۇق قاتارلىق ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەرقايسى ئەزالارنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. يىلتىز، غول، شاخ، يوپۇرماق قاتارلىق ئەزالىرى ئوزۇقلىنىش ئەزاسى دەپ ئاتىلىدۇ.

يىلتىز سىستېمىسى. يىلتىز دەرەخلەرنى تۇپراقتا مۇقىملاشتۇرۇپ تۇرۇش بىلەن تۇپراقتىكى سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈپ، غول، يوپۇرماق ئارقىلىق كۆپىيىش ئەزالىرى (چېچەك، مېۋە، ئۇرۇق) غا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئەزا ھېسابلىنىدۇ.

ئانار دەرىخى ئوق يىلتىز (ئاساسىي يىلتىز)، يان يىلتىز، چاچما يىلتىز قاتارلىقلاردىن مۇكەممەل يىلتىز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى خېلى تەرەققىي قىلغان. ئوق يىلتىزى 3—4 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، يان يىلتىزى 4—5 مېتىر، چاچما يىلتىزى 8—10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. ئانار دەرىخى ئوق يىلتىزى ئارقىلىق چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىن سۇ، يان ۋە چاچما يىلتىزلىرى ئارقىلىق تېيىز تۇپراق قاتلىمىدىن مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدىغان بولغاچقا، قۇرغاقچىلىققا ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ يان يىلتىزلىرى 3—5 تال بولۇپ، بۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا تۇپراق يۈزىدىن 50—60 سانتىمېتىردىن يۇقىرى چوڭقۇرلۇقتا تەرەپ - تەرەپكە قاراپ جايلاشقان بولىدۇ. چاچما يىلتىزلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، ئەگرى - بۈگرى ئۆسىدۇ. چاچما يىلتىزلىرىدا يەنە قىلسىمان يىلتىزلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىنچىكە - توملۇقى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇلار ئاساسەن تۇپراق يۈزىدىن 20—60

سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلۇپ، تۇپ-راق ئاستىدا بىر تور ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يىلتىزلار تۇپ-راقتىن سۇ ۋە مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈپ، غول - يو-پۇرماقلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

غول ۋە شاخ. دەرەخنىڭ يەر ئۈستىدىكى ئاساسىي قىسمى غول دەپ ئاتىلىدۇ. غولدىن ئۆسۈپ چىقىپ، دە-رەخ تاجىنى شەكىللەندۈرىدىغان قىسمى شاخ دەپ ئاتى-لىدۇ. ئۇ مېۋە شېخى، ھارام شاخ، يان شاخ، ئاساسىي شاخ، قوشۇمچە شاخ دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مې-ۋە شېخى بىلەن ئاساسىي شاخ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەي-دۇ. غولنىڭ ۋەزىپىسى سۇ، مىنېرال ماددىلار، ئورگانىك ماددىلار ۋە ھاۋا قاتارلىقلارنى يوپۇرماق، چېچەك ۋە مې-ۋىگە يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ھەر بىر تۈپ ئاناردا 3—5 دانە ئاساسىي شاخ، ھەر بىر ئاساسىي شاختا كۆپلىگەن شاخ - نوتىلار بولىدۇ. ئا-ساسىي شاخلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ شاخلىرى قويۇق، ئىسكەنلىك بولۇپ، كۆمۈلگەن تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى بىر قىسىم شاخلىرى قۇرۇپ، قايتىدىن ئۆسۈپ تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. ياش ئانار دەرەخلىرىنىڭ ئاساسىي شاخلىرى ئازراق، چوڭ ئانار دەرەخلىرىنىڭ كۆپرەك بو-لىدۇ.

يوپۇرماق. يوپۇرماق دەرەخنىڭ ئوزۇقلۇق ئەزالى-رىنىڭ بىرى بولۇپ، دېمىسسىمىلياتسىيە ئورگىنى ھېسابلىنى-دۇ. ئۇ فوتوسىنتېز ئېلىپ بېرىش، سۇنى پارلاندۇرۇش، ھا-

ۋا قالماشتۇرۇش، ئۇزۇقلۇق ماددىلارنى ساقلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى كىچىك، ئۇزۇنچاق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئۇ يوپۇرماق ساپىقى ۋە يوپۇرماق ئالقىنىدىن تەركىب تاپىدۇ. يوپۇرماق قىسقا بولۇپ، شاخلارغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يوپۇرماق ئالقىنىدا ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان يوپۇرماق تومۇرى بولىدۇ، ئىككى يېنىدا نۇرغۇنلىغان كىچىك تومۇرلار رەتلىك ھالدا ئاساسىي تومۇرغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

چېچەك. چېچەك ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىدۇر. ئانار دەرىخىنىڭ چېچىكى ئىككى جىنىسلىق بولۇپ، رەڭگى توق قىزىل كېلىدۇ. يەككە ياكى ئىككى تالدىن تۆت تالغىچە توپلىشىپ ئۆسىدۇ. چېچەك ساپىقى ئۇزۇن بولۇپ، كانايسىمان ئېچىلىدۇ، مېۋە بەرمەيدىغان ئەركەك چېچەكلەرنىڭ كۆپىسى قوڭغۇراقسىمان بولىدۇ.

ئانار دەرىخىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ھەرقايسى سورتلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە باغلىق بولغاندىن باشقا، تەبىئىي شارائىت، سۇ، ئوغۇت ۋە پەرۋىش ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئانار دەرىخى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چېچەكلەيدۇ. چېچىكىنىڭ ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم - ئايرىم بولۇپ، ھاشارات ۋە شامال ئارقىلىق چاڭلىنىدۇ. چېچىكى 15—20 كۈنگىچە قۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە بوران چىقىپ كەينىدىنلا

يامغۇر يېغىپ كەتسە چېچەكلەرنىڭ چاڭلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى ئۇرۇقدانىنى سېسىتىۋېتىپ، مەھسۇلاتقا زىيان يەتكۈزىدۇ.

مېۋە ۋە ئۇرۇق. ئانار يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تىپىدىكى دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق كۆرتىكى ئۇرۇقدانىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن ئانىلىقنىڭ ئۇرۇقدىنى مېۋە بولۇپ يېتىلىدۇ، ئۇرۇق كۆرتىكى ئۇرۇق بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇرۇقنى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقان قىزىل ئەت ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ ئانارنىڭ دېنى دېيىلىدۇ. دېنىنى بىر قەۋەت قىزىل يېپىنچا ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ، ئانارنىڭ پوستى دېيىلىدۇ. دېنى بىلەن پوستى ئارىلىقىدا سېرىقتا مايىل ئېقىش كەلگەن 6—8 قەۋەت نېپىز پوست بولىدۇ، بۇ، نېپىز پەردە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ئانارنىڭ مېۋىسى مېۋە پوستى، مېۋە گۆشى (ئەت)، ئۇرۇق، مېۋە پەردىسى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەرخىل سىرتقى زىيانلىق تەسىرلەردىن، ئالايلى، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، ئۈششۈك، بوران ۋە ھاشارات قاتارلىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنغان بولىدۇ. ئانار ئۇرۇقىنىڭ بىر ئۇچى توم، بىر ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 مىللىمېتىر، توملۇقى 1.5 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ئۇرۇقى ئىچىدە مېغىزى بولىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ پوستى قاتتىق بولۇپ، سۇدا ئاسانلىقچە يۇمشىمايدۇ، شۇڭا تېرىغاندىمۇ ئاسان ئۈنمەيدۇ.

# 3. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە مېۋىلەش خۇسۇسىيىتى

ئانار دەرىخىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى، بالدۇر مېۋىگە كىرىشى ۋە كۆپ مېۋە بېرىشىدە ئۇنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن باشقا، تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ. تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى دېگىنىمىزدە، كىلىمات، يورۇقلۇق، تۇپراق، سۇ، ئوغۇت، پەرۋىش قاتارلىق ئامىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئامىللار مەھسۇلات مىقدارىغا زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى مەھسۇلات سۈپىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئانارنىڭ كۆچىتى تۇپراققا ماسلىشىپ كېتەلىسە تىكىپ ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ يەرلىشىشكە باشلايدۇ. 4—5 يىلغىچە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 6—7 يىلدا چېچەكلەپ ئاز - تولا مېۋە بېرىدۇ، 8—9 يىلدا رەسمىي مېۋە بېرىشكە باشلايدۇ. 10—12 يىلدا مەھسۇلاتى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ. 14—15 - يىللىرى ئانار دەرىخىنىڭ تازا ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىش دەۋرى بولىدۇ، 15—16 يىلدىن كېيىن تازا بولاقىغا كىرىپ يىلدىن يىلغا كۆپ مېۋە بېرىدۇ. 50—60 يىللاردىن كېيىن ئەسلىدىكى بىر قىسىم شاخلىرى تەدرىجىي ھالدا قۇرۇپ، يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان يان شاخلىرى تەرەققىي قىلىپ تەبىئىي ھالدا يېڭىلىنىدۇ. 80—90 يىل مېۋە بەرگەندىن كېيىن، مېۋىسى پەيدىنپەي كىچىكلەپ، مەھسۇلات

مىقدارى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئەگەر ئاخىرقى مەزگىلدىكى پەرۋىشى چىڭ تۇتۇلسا 100 يىل ياكى يۈز نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، مېۋە بېرىدۇ. ھازىرخوتەننىڭ خانئېرىق يېزىسىدا بىر دېھقاننىڭ 300 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تۈپ ئانار دەرىخى بولۇپ، ھازىرمۇ مېۋە بەرمەكتە.

ئانار دەرىخىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭكىدىن كېيىن بولۇپ، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىقلار ئادەتتە تېمپېراتۇرا 13—14 سېلسىيە گرادۇس بولغاندا، بادام 15—16 سېلسىيە گرادۇس بولغاندا چېچەكلەيدۇ، لېكىن ئانار ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 17—18 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولىدىغان 5 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چېچەكلەيدۇ. مېۋىسى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشقاندا تېز يوغىنايدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئانار 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ چېچەكلەشكە باشلايدۇ، چېچەكلەپ 115—125 كۈندە مېۋىسى رەسمىي يېتىلىپ بولىدۇ. 7-، 8 - ئاي مەزگىلى مېۋىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىدىغان ۋە پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلىنىدىغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا 6 - ئاينىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چېچەكلەشكە باشلايدۇ، چېچەكلەپ 120—130 كۈندە مېۋىسى رەسمىي يېتىلىپ بولىدۇ، 8 - ئاي مېۋىسىنىڭ تەرەققىي قىلىدىغان ۋە پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلىنىدىغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئانار دەرىخى تۇنجى چېچەكلىگەن يىلى چېچىكىنىڭ كۆپ قىسمى يالغان چېچەك. ئاز قىسمى مېۋە چېچىكى بولۇپ، بۇ يىلى ئاران 2—3 دانە مېۋە بېرىدۇ. 20—25 يىللىق بولغان بىر تۈپ ئاناردىن ئادەتتىكى يىللاردا 150—200 دانە، بولۇق مېۋە بەرگەن يىللاردا 200—300 دانە ئانار ئۈزۈۋالغىلى بولىدۇ. 30—50 يىللىق بولغان ئالاھىدە مەھسۇلاتلىق ئانارلاردىن 400—500 دانە، ئايرىم تۈپلەردىن 500 دانىدىن ئارتۇق ئانار ئۈزۈۋالغىلى بولىدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ ھەر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى بەزى يىللىرى كۆپ، بەزى يىللىرى ئاز بولىدۇ. ئەمما پەقەت مەھسۇلات بەرمەيدىغان يىللىرى بولمايدۇ. مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كېتىشى ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. مېۋىگە كىرگەن ئانار دەرىخىنىڭ چوققا شاخلىرىنىڭ بىخلىنىشى ئاجىز، يان شاخلىرىنىڭ بىخلىنىشى كۈچلۈك بولۇپ، چوققا شاخلىرىدىن چىققان نوتىلار بىر يىلدا 10—15 سانتىمېتر ئۆسىدۇ. 60—70 يىلدىن كېيىن چوققا شاخلارنىڭ تەرەققىياتى ئاجىزلايدۇ. ئاساسىي شاخلىرى توغرىسىغا ئۆسۈشتىن توختايدۇ.

## IV ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

كەڭ كۆلەملىك باغ بىنا قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيـ
غۇنلىشىش ئۈچۈن، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىشىنى زور كۈچ
بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئەڭ
تۆۋەن تەننەرخ بىلەن كۆپلەپ سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھـ
سۇلاتلىق كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ، باغۋەنچىلىك ئىشـ
لەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئانار دەرىخى قەلەمچە تىكىش، يىلتىزىدىن يېرىـپ
تۆپ ئايرىش، نوتا باستۇرۇش، تېرىش قاتارلىق ئۇسۇلـ
لار بىلەن كۆپەيتىلىدۇ. بۇلاردىن قەلەمچە تىكىپ كۆپەيـ
تىش ئۇسۇلى بىلەن يىلتىزىدىن يېرىپ تۆپ ئايرىپ كۆـ
پەيتىش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇـ
سۇل نوتا باستۇرۇپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىلەن تېرىـپ
كۆپەيتىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا ئاددىي، ئۈنۈمى يۇقىرى
ئۇسۇل بولۇپ، تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. تېرىش
ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن، ئۆسۈش
سۈرئىتى ئاستا بولغاچقا، ئادەتتە بۇ ئۇسۇل كۆپ
قوللىنىلمايدۇ.

## 1. قەلەمچە تەييارلاش

### 1. قەلەمچە نوتىسىنى ئېلىش

قەلەمچە تىكىش مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلارنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇش لازىم. قەلەمچە نوتىسى ئېلىشتا، ئالدى بىلەن ئانا تۈپىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئەگەر قەلەمچە نوتىسى غولىنىڭ شەكلى ناچار، قاتاڭ، چالداپ كەتكەن، كېسەللىك ـ ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغان دەرەخلەردىن ئېلىنىدىغان بولسا، كۆپەيتىلگەن ئەۋلادلار ئانا تۈپلەرنىڭ مۇشۇ خىسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلارنى مېۋىسى دانلىق، پوستى نېپىز، تەمى ياخشى، بولۇق مېۋە بېرىدىپ كەلگەن، غولىنىڭ شەكلى ياخشى، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىمىغان ساغلام تۈپلەردىن ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، قەلەمچە ئارقىلىق ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز ۋە غولىدىن ئۆسۈپ چىققان 1—2 يىللىق نوتىلاردىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېلىش لازىم. ئومۇمەن، تېمەن، بوغۇم ئارىلىقى قىسقا، ئوزۇقلۇق ماددىلار مول نوتىلارنىڭ قەلەمچىسى ئاسان ئەي بولىدۇ ۋە تېز ئۆسىدۇ، ناچار شارائىتلارغا بەرقەدەر چىدامىلىق كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا غولىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار تومۇ ۋە ساغلام، بىخ ئارىلىقى قىسقا، يېتىلىشى ياخشى بولىدۇ.

قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار كۈزدە ئانارنى كۆمۈشتىن ئىلگىرى ياكى ئەتىيازدا كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن

قايچا بىلەن كېسىۋېلىنىدۇ. لېكىن، ئەتىياز پەسلىدە كېسىلگەن نوتىلاردىن تەييارلانغان قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى كۈزدە كېسىلگىنىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدىغان بولغاچقا، ئەتىياز پەسلىدە نوتا ئېلىشنى ئاساس قىلىش لازىم. ئەگەر كۈز پەسلىدە كېسىۋېلىنغان بولسا، شۇ زامان قەلەمچە قىلماستىن، تىكەن ۋە يۇتاقلىرىنى قىرقىۋېتىپ، ھەر 100 تال نوتىنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ كۆمۈپ ساقلاش لازىم. باغلاشتا سىم بىلەن باغلاشقا بولمايدۇ، شوينا ياكى سۆگەت تېلى بىلەن باغلاش كېرەك. ئەگەر ئەتىياز پەسلىدە كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن كېسىۋېلىنغان بولسا ئالدى بىلەن ھۆل توپىغا قېلىن كۆمۈپ قويۇپ، ئىمكىش پەيتى كەلگەندە قەلەمچە قىلىش لازىم.

## 2. قەلەمچە نوتىلىرىنى ساقلاش

كۈز پەسلىدە كېسىپ تەييارلانغان نوتىلار مەخسۇس ئورا كولاپ ساقلىنىدۇ. ئورىنىڭ ئورنى يەر تۈزلۈشى ئېگىز، تۇپرىقى ياخشى، تەسكەي جايدىن تاللىنىدۇ.ئادەتتە ئورىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر مېتر، كەڭلىكى 1.20 مېتر بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەييارلانغان نوتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئورىنىڭ ئاستىغا 5—6 سانتىمېتر قېلىنلىقتا ھۆل قۇم ياتقۇزۇلىدۇ، نوتىلارنىڭ ئۈچى (قەلەمچە قىلىشقا بولمايدىغان قىسمى) قىرقىپ تاشلىنىپ، بىر مېتر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ باراۋەر تەكشىلەگەندىن كېيىن، باغلىمى بويىچە ئورىنىڭ توغرىسىغا ياتقۇزۇپ تىزىلىپ، ئۈستىگە بىرقەۋەت ھۆل قۇم تۆكۈپ تەكشى تۈزلىنىدۇ

ۋە ئۆستىگە يەنە بىرقەۋەت نوتا تىزىلىدۇ، 20 سانتىمېتىر
قېلىنلىقتا قۇم بىلەن تەكشى كۆمۈلگەندىن كېيىن 15—20
سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ. نوتىلارنىڭ
كۆمۈلۈشى يەر يۈزىدىن 20 سانتىمېتىر پەس بولۇشى،
كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن سۇ قويۇپ توك ياتقۇزۇۋېتى-
لىشى كېرەك. ئورنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ھەربىر يېرىم
مېتىر ئارىلىقتا بىردىن كىچىك ياغاچ تىكلەپ (ئورنىڭ
ئاستىغا يەتكۈزۈپ) سۇ سىڭىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىۋې-
تىلىدۇ. بۇ، ھاۋا ئۆتۈشۈش تۆشۈكى بولۇپ، نوتىلارنىڭ
سېسىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا پايدىلىق. نوتىلارنىڭ
زەخىملىنىشى، قۇم - توپا چۈشۈپ كېتىپ نوتىلار ئېچىلىپ
قېلىپ ئۈششۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئورنىڭ
ئۈستىگە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ دەسسەپ قويۇشىدىن
ساقلىنىش لازىم.

ئانار قەلەمچىلىرى ئەتىياز پەسلىدە قانچە كېچىك
تۇرۇپ تىكىلسە ئۇنىڭ ئەي بولۇش ئۈنۈمى شۇنچە يۇقى-
رى، بىخلارنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى شۇنچە تېز بولىدۇ.
شۇڭا كۆمۈلگەن نوتىلارنى ئەتىياز پەسلىدە كېچىكتۈرۈپ
ئېچىش، ھاۋا ئىسسىپ كېتىپ نوتىلار ئورىدا تۇرۇپ كۆك-
لەپ كېتىش ئېھتىمالى بولسا ئەھۋالغا قاراپ 3 - ئاينىڭ
25 -، 30 - كۈنلىرى ئېچىپ قەلەمچە قىلىپ تىكىۋەت-
سىمۇ بولىدۇ.

## 3. قەلەمچە كېسىش

قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار مەيلى كۈز ياكى ئەتى-

ياز پەسلىدە كېسىپ ئېلىنغان بولسۇن، شۇ هامان قەلەمچە قىلىپ كەسمەسلىك لازىم. ئەگەر مۇددەتتىن بۇرۇن كېسىلىدىغان بولسا قەلەمچىنىڭ ئىككى ئۇچى قارىداپ ئوڭايلا قۇرۇپ كېتىدۇ-دە. تىكىش مەزگىلىدە قۇرۇپ قالغان قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئەمگەك كۈچى، نوتا ۋە ۋاقىت ئىسراپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قايتا كېسىلگەن قەلەمچىلەر قىسقىراپ كەتكەنلىكتىن ئۆلچەمگە توشماي قالىدۇ. قەلەمچە كېسىشتە نوتىنىڭ ئۇچىدىكى يېرىم قىسمىنى كېسىپ تاشلىۋېتىپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ئىمكانقەدەر ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىنى تاللاپ كېسىش كېرەك. ئانار قەلەمچىسى شۇ جاينىڭ تۇپراق ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەرخىل ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىدۇ. نەملىك ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك تۇپراقتا تىكىلىدىغان قەلەمچە قىسقا، نەملىك ساقلاش ئىقتىدارى ئاجىز تۇپراقتا تىكىلىدىغان قەلەمچە ئۇزۇنراق كېسىلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئىككى خىل قەلەمچىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىدىكى پەرق 15—20 سانتىمېتىر بولغىنى مۇۋاپىق. ھەربىر قەلەمچىدە 3—4 دانە بىخ بولسا كۇپايە. تىكىلگەن قەلەمچىنىڭ كۆكلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا نوتىنى ئىمكانقەدەر تېجەپ كېسىش لازىم. قەلەمچىنىڭ ئۇچ قىسمى تەكشى، ئاستى قىسمى قىيپاش كېسىلىدۇ. نوتىلارنىڭ قوۋزىقى ۋە ئۇچى يېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەلەمچە كېسىدىغان سايمان ئۆتكۈر بولۇش كېرەك. ئۇچ قىسمى بىلەن بىرىنچى بىخنىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ قېلىپ،

بىرىنچى بىخنىڭ قۇرۇپ كېتىپ بىخلىنىشىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈچ قىسمى بىلەن بىرىنچى بىخنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم سانتىمېتىردىن ئاز بولماسلىق، ئاستى قىسمى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىخنىڭ ئارىلىقى بىر سانتىمې-تىر بولۇش لازىم.

## 2. كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1. قەلەمچە تىكىپ كۆپەيتىش

ئانار دەرىخىنى قەلەمچە تىكىپ كۆپەيتىش جىنسىسىز كۆپەيتىش بولۇپ، بۇ، باشقا كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا ئاددىي، ئۈنۈمى ياخشى، سۈرئىتى تېز ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا قەلەمچىلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى، كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىش ئاسان بولىدۇ. شارائىتى بار جايلار بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ياخشى.

### 2. تۈپ ئايرىپ كۆپەيتىش

بۇ، مېۋىگە كىرگەن ئانار دەرەخلىرىنىڭ يىلتىز قىسمىدىن ئۈنۈپ چىققان بىرنەچچە يىللىق نوتىلارنى يېرىپ ئېلىپ تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تىكىلگەن كۆچەت تۇپراققا ماسلىشالىسا 2—3 يىلدىلا مېۋىگە كىرىدۇ.

بۇ ئۇسۇلدا نوتا يىلتىزدىن يېرىپ ئېلىنىدىغان بولغاچقا، ئوق يىلتىزى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يان يىلتىزى

بىلەن چاچما يىلتىزلىرىنى ئاسراشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ ئۇسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇنۇمى ياخشى بولۇش، بالدۇر مېۋىگە كىرىشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆچەت مەنبەسى ئاز بولۇشتەك يېتەرسىزلىكىمۇ بار، شۇڭا بۇ ئۇسۇل جايلارنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، پەرۋىش قىلىش جەريانىدا ئانا تۈپتىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار ئۇدۇللۇق كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. جايلار كۆچەتكە بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەم ئانا تۈپتىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلارنى مۇۋاپىق قالدۇرۇپ كۆچەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ھەم ئانا تۈپلەرنىڭ مەھسۇلاتمۇ تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

### 3. نوتا باستۇرۇپ كۆپەيتىش

بۇ، ئانا تۈپلەرنىڭ يىلتىز قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلارنى ياكى قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن 2—3 يىللىق كۆچەتلەرنى ئەتىيازدا باستۇرۇش ئارقىلىق بىر تۈپ كۆچەتتىن كۆپلىگەن مۇستەقىل كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلدا، ئەتىيازدا ئانا تۈپلەرنى ئاچقاندىن كېيىن باستۇرۇپ كۆپەيتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ياش نوتىلار تاللاپ ياتقۇزۇلۇپ، ھەر 20 سانتىمېتر قىسمى ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ، تۈۋىدىن ئۇچىغىچە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ توپا بىلەن كۆمۈلگەندىن كېيىن سۇ قويۇلىدۇ. كۆمۈلگەن قىسمىدىن يىلتىز سۈرۈپ، ئوچۇق قويۇلغان قىسمىدىن پەيدىنپەي بىخ چىقىرىدۇ ـ دە،

بۇنىڭ بىلەن بىر تۇپ نوتىدىن 5—6 تۇپ كۆچەت يېتىشتۇرگىلى بولىدۇ. ئۆسۈپ چىققان نوتىلار كۈز كىرگۈچە بولغان مەزگىلدە 70—80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە ئانا تۇپىنى كۆمگەندە يېڭى ئۆسكەن نوتىلارنى ئايرىم كۆمۈش لازىم. بۇ نوتىلار كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاچقاندىن كېيىن ياخشى پەرۋىش قىلىنسا كۈز كىرگۈچە 1.50 مېتىردىن ئېگىز ئۆسىدۇ. بۇ نوتىلار ئاشۇ مەزگىلدە يۆتكەپ تىكىلسە ئاسان ئەي بولىدۇ، بىراق ئۈلارنىڭ بىرىنچى يىلدا يىلتىز سۈرۈشى ئاجىز بولۇپ، پەقەت نېپىز توپا قاتلىمىدا قىسقا چاچما يىلتىز شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئىمكان قەدەر شۇ يىلى يۆتكىمەي، 2 - يىلى كۈزدە ياكى 3 - يىلى ئەتىيازدا يۆتكەش كېرەك.

### 4. تېرىپ كۆپەيتىش

تېرىپ كوپەيتىش جىنسلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بولۇپ، كۈز ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە تېرىلىدۇ. ئانارنىڭ ئۇرۇقى كىچىك ھەم قاتتىق بولغاچقا، ئادەتتىكىچە ئۇسۇل بىلەن تېرىغاندا ئاسان ئۈنمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئانارنىڭ مېۋىسىنى سىقىپ ئۇرۇقىنى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ قايتا - قايتا يۇيۇپ، پاكىز ئايرىلغاندىن كېيىن كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا يېيىپ قۇرۇتۇپ ساقلاش، كېلەر يىلى 2 - ئايغا بارغاندا بىر ئاي يىلمان سۇغا چىلاپ ياكى ھۆل قۇمغا كۆمۈپ، مەش قويغان ئۆيدە بىخلاندۇرۇش، 30—40%

ئۇرۇق بىخلانغاندىن كېيىن 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىش لازىم. تېرىغاندا قۇر ئارىلىقى 40—50 سانتىمېتىر بولۇش، ئۇرۇقنى 1·5 سانتىمېتىر كۆمۈش، ئۇرۇقنى ئاق يەرگە سېلىپ بولۇپلا تېزىمۇ قويۇش، نەملىك ساقلاش، يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش ئارقىلىق ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، سۇ قويۇپ 4—5 كۈندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش لازىم. بۇ ئۇسۇلدا تېرىغان ئۇرۇق 35—40 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇرۇقنى قۇرۇ- تۇش، ساقلاش، بىخلاندۇرۇش قاتارلىق ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئانارنىڭ مېۋىسىنى ئوبدان ساقلاپ، ئۇرۇق سېلىش مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇرۇقنى ئېلىپلا تېرىسىمۇ ئۈنۈمى ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق سۇغا چىلاپ بىخلاندۇرۇلمايلا تېرىلسا ھەمدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلسا 60—70 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ. بىخلاندۇرۇپ تېرىغان ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى 60—70%، قۇرۇق پېتى تېرىغان ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى 30—40% بو- لىدۇ. بىخلاندۇرۇپ تېرىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان ئۇرۇق- تىن ئۈنۈپ چىققان كۆچەتلەر شۇ يىلى كۆمۈش مەزگى- لىگە قەدەر 20—25 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ.

ئانار دەرىخىنى تېرىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىر خىل ئىنچىكە، مۇشەققەتلىك، كۆپ مەشغۇلات تەلەپ قىلىدىغان ئۇسۇل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى تۆۋەن، ئۈنۈپ چىقىش ۋاقتى ئۇزاق، ئۆسۈش سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر غولى پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، كۈزدە كۆمۈپ ئەتىيازدا

ئاچقاندىن كېيىن ئاسانلا قۇرۇپ كېتىدۇ، تۇۋۇدىن كېسىـ ۋېتىلسە ئىككىنچى يىلى قايتا كۆكلەپ 30—35 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئادەتتە تېرىپ كۆپەيتىلگەن كۆـ چەتلەر 3—4 يىلدا 80—100 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇچۇن بۇ ئۇسۇل ئادەتتە باغۋەنچىلىكتە قوللىنىلماستىن، پەقەت پارىژنىڭ ياكى تەشتەكتە «ئانار گۈلى» ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە قوللىنىلىدۇ.

## 3. كۆچەتخانا بىنا قىلىش

### 1. يەر تاللاش

كۆچەتخانا بىنا قىلىشتا، باشتۇرۇشقا قولايلىق بولۇشـ نى نەزەردە تۇتۇپ، مۇمكىن قەدەر قاتناش شارائىتى ياخشى، يەر تۈزلۈشى تەكشى، يانتۇلۇق يەرقى تۆۋەن، سۇ مەنبەسى تولۇق، تۇپرىقى يۇمشاق ۋە مۇنبەت، كۈن نۇرى تولۇق ۋە تەكشى چۈشىدىغان، ھاۋاسى ياخشى، قۇرغاق، سۇ ئورنى تۆۋەن يەرلەرنى تاللاش لازىم. يانـ تۇلۇق يەرقى 1—3 گرادۇستىن يۇقىرى، سۇ ۋە تۇپراقـ نىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر، سۇ ئورنى ئېگىز، ئاسانلا سۇ يىغىلىپ قالىدىغان ئويمان يەرلەر، سوغۇق ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدىغان، شامالنىڭ زىيىنى ئېغىر بولىدىغان بوران ئېغىزلىرى، كۈن نۇرى تولۇق چۈشمەيـ دىغان ئورمانلىق ئارىسىدىكى پارچە - پۇرات يەرلەر، كەلكۈن بېسىپ كېتىدىغان، لاي - سېغىز ئورنىشىپ قالغان، زەي، شور، چىملىق، شۆۋاقلىق، $pH$ قىممىتى يۇقىرى يەرلەر كۆچەتخانا قىلىشقا باپ كەلمەيدۇ.

## 2. يەر ئاغدۇرۇش

يەر ئاغدۇرۇش يەر تۈزلەشتىكى ئاساسىي ھالقا بولۇپ، يەرنى تۈزلەشتىن ئىلگىرى س.پ.ن بىلەن چوڭقۇر ئاغدۇرۇش لازىم. يەر ئاغدۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەرمو يەرگە 50—60 تاغاردىن سۈپەتلىك قىغ تۆكۈپ، تەكشى چاچقاندىن كېيىن ساپان بىلەن 24—25 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا يۇمشاق ئاغدۇرۇش كېرەك. يەرنى بۇنداق چوڭقۇر ھەم يۇمشاق ئاغدۇرۇش ئوغۇتنى تۇپراققا تولۇق ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇپراق قاتلىمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، كۆچەتنىڭ چوڭقۇر يىلتىز سۈرۈپ، تېز يېتىلىشىگە پايدىلىق. لېكىن ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقىنى شۇ جاينىڭ تۇپراق ئەھۋالى ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك. ئەگەر يەر بەك تېيىز ۋە يىرىك ئاغدۇرۇلسا ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمايدۇ؛ بەك چوڭقۇر ئاغدۇرۇلسا كۆچەتلەر بەك يىلتىزلاپ كېتىدۇ ـ دە، غول قىسمىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا تۇپرىقى قاتتىق يەرلەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش كېرەك. قۇمسال يەرلەردە بوران يالاپ كېتىشتىن ۋە سۇنىڭ كۆپ پارلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەرنى ھەددىدىن ئارتۇق چوڭقۇر ئاغدۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، يەرنى ئاغدۇرۇشتا ھاۋا، تۇپراق ئەھۋالىغا قاراش لازىم. قاتتىق، مەلۇم مىقداردا شور، ئىشقار تەركىبى بار تۇپراقلارنى كۈزدە، قۇمسال ياكى يۇمشاق، مۇنبەت يەرلەرنى ئەتىيازدا ئاغدۇرۇش كېرەك. يەر ئاغدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن

ئېتىزنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا ئاساسەن تاناپ تارتىپ قىر سېلىش، قىرغا توپا ئېلىنغان ۋە ساپان چۈشمىگەن ئورۇنلارنى كەتمەن بىلەن چاناپ يۇمشىتىش لازىم.

### 3. يەر تۈزلەش

يەر تۈزلەش كۆچەت يېتىشتۈرۈش جەريانىدىكى مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىر بولۇپ، ئۇ، كۆچەتلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەرنى تۈزلەشتىن مەقسەت، ياخشى تۇپراق شارائىتى يارىتىپ، قەلەمچىنىڭ يىلتىز تارتىش ۋە كۆچەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا سۇ، ئوغۇت، ھاۋا، ئىسسىقلىق قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

يەر تۈزلەش تۇپراقنىڭ تۈزۈلۈشىنى ياخشىلاپ، فىزىكا-خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. تۇپراقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، نەملىكنى ساقلاش ۋە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاپ، يىلتىزلارنىڭ كىسلاروت بىلەن نەپەسلىنىشىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ھەمدە يىلتىزلارنىڭ ئۆسۈشىگە زىيانلىق ماددىلارنى ئوكسىدلايدۇ. ياۋا ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنى، زىرائەت ئېڭىزلىرىنى چوڭقۇر كۆمۈپ سېسىتىش، ئوغۇت بىلەن تۇپراقنى ئارىلاشتۇرۇش. شۇنداقلا كېسەللىك-ھاشارات زىيانداشلىقىنى مەلۇم دەر-

جىدە يوقىتىدىن رولىنى ئوينايدۇ.

يەر ئاغدۇرۇلۇپ، قىر سىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەرنى تەكشى تۈزلەش، تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن ئاماق ياكى تىرنا بىلەن ئوت - چۆپ ۋە زىرائەت يىلتىزلىرىنى پاكىز تازىلىۋېتىش لازىم. ئەگەر يەر تەكشى تۈزلەنمەي، ئەسلى ھالىتى بويىچە ئېگىز - پەس تۈزلەپ قويۇلىدىغان بولسا، ئېگىز جايغا سۇ چىقماي قەلەمچىلەر قۇرۇپ كېتىش، پەس جايغا سۇ يىغىلىۋېلىپ، قەلەمچىلەر سېسىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۈچۈن يەرنى تەكشى، سۈپەتلىك تۈزلەش لازىم.

## 4. قەلەمچە تىكىش

### 1. قەلەمچە تىكىش مەزگىلى ۋە ئۇسۇلى

ئانار قەلەمچىسى ئەتىيازدا، يەنى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە تىكىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇرۇن تىكىلسە يەر سوۋۇغان ئىلگىرى قەلەمچىنىڭ ئۈچى ۋە بەردىنچى يەنى سوغۇق شامال تەسىرىدىن قۇرۇپ كېتىدۇ، كېيىن تىكىلسە قەلەمچە ئورنىدا تۇرۇپ يەر سۇرۇپ قالىدۇ - دە، تىككەندىن كېيىن ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ. قەلەمچىلەر ئاق يەرگە تىكىلىپ، كېيىن سۇغىرىلسا ئەي بولۇش نىسبىتى ئۇسسىغا تىكىلگەن قەلەمچىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. قەلەمچىلەرنى تىكىشتىن ئىلگىرى كۆلچەك، ئېدىش قاتار-لىقلاردا 3—4 سائەت سۈزۈك سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئۇدۇل-

لۇق يۆتكەپ كېلىپ تىكىش لازىم. ئانار قەلەمچىسىنىڭ ئاق يەرگە تىكىپ بولۇپلا سۇ قويغاندىكى ئەي بولۇش نىسبىتى يەرنى ئوسا قىلىپ تىككەندىكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر يەرنى ئوسا قىلىپ ئاندىن تىكىشكە توغرا كەلسە، يەرنى قايتىدىن چوڭقۇر ۋە يۇمشاق ئاغدۇرۇپ ئاندىن تىكىش كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تاناپ تارتىپ قۇر ئارىلىقىنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئورەك ئېچىپ قەلەمچىسى ئورەككە تىكىش، توپا تاشلاپ مەھكەم چىڭداپ قويۇش لازىم. ئورەك ئاچمايلا سانجىپ تىكىشكە بولمايدۇ.

### 2. تىكىش زىچلىقى

تىكىش زىچلىقى پەرۋىش مەشغۇلاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل تېخنىكىلىق تەدبىر بولۇپ. قەلەمچە تىكىشتىن بۇرۇن، پەرۋىش مەشغۇلاتىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئانار قەلەمچىسىنى تىكىشتە، ئادەتتە كۆز ياكى ئەتىياز پەسلىدە تىكىش، ئاق يەرگە ياكى ئوسىغا تىكىش، چۆنەك تارتماي ياكى چۆنەك تارتىپ تىكىشتىن ئىبارەت بىر قانچە خىل ئۇسۇل بولۇپ، جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىلىنى تاللاپ قوللانسا بولىدۇ. ئەگەر كۆز پەسلىدە تىكىشكە توغرا كەلسە قەلەمچە تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن سۇ قويۇش، قەلەمچىنىڭ ئۈچىنى كۆمۈۋېتىپ، كېلەر يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا توپىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. قەلەمچە مەيلى قايسى مەزگىلدە، قانداق

ئۇسۇل بىلەن تىكىلسۇن، قۇر ۋە توپ ئارىلىقلىرى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى تىكىلىش زىچلىقى مۇۋاپىق بولغاندىلا كۆچەتنىڭ ئۆسۈشى تېز، يېتىلىشى ساغلام، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ، توپ - قۇر ئارىلىقى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە يەردىن تېجەشلىك پايدىلانغىلى بولمايدۇ، يەنى كۆچەت كۆلىمىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەن بولىدۇ. توپ - قۇر ئارىلىقى بەك تار بولۇپ قالسا كۆچەت كۆلىمىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغان بىلەن، كۆچەتنىڭ سۈپىتى (ئېگىزلىكى، توملۇقى) ناچار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا تىكىش زىچلىقىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق بەلگىلەش، تىكىشتىن ئىلگىرى قۇر، توپ ئارىلىقىنى پىلانلاپ، بىر قۇرغا، بىر پارچە ئېتىزغا ياكى بىر مو يەرگە ھەتتا پۈتۈن كۆچەتخانىغا كېتىدىغان قەلەمچىنى ھېسابلاپ چىقىش كېرەك. بۇ، پىلان ئېچىدىكى كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە تەييارلىغان يەرگە كېتەرلىك كۆچەتنىڭ ئىشىپ قېلىش ياكى كەمەش ئېھتىماللىنى بىلىشىمىزگە ھەمدە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىشىمىزغا پايدىلىق.

### 3. قەلەمچە تىكىش

قەلەمچە تىكىشتە تىكىلگەن قەلەمچىنىڭ تۈز - تەكشى چىقىشى ئۈچۈن، بەلگىلەنگەن قۇر ئارىلىقى بويىچە تاناپ تارتىپ تىكىش كېرەك. قەلەمچىنىڭ زەخىملىنىپ، ئەي بولۇش نىسبىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، قەلەمچىنى ئورەك ئېچىپ تىكىش كېرەك. ئەگەر يەر

قەلەمچىنى سانجىپ تىكىشمۇ زەخىملەنمىگۈدەك دەرىجىدە يۇمشاق ئاغدۇرۇلغان بولسا، سانجىپ تىكىشكىمۇ بولىدۇ. قەلەمچە تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇ قۇيۇش لازىم. قەلەمچە تىكىشتە قەلەمچىنىڭ تەتۈر تىكىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، بىخ ئورنىنى ئوبدان ئاسراش لازىم.

ئادەتتە قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى ئون سانتىمېتىر بولىدۇ. ئەگەر قوش رەت تىكىلىدىغان بولسا، تار قۇرنىڭ ئارىلىقى 40 سانتىمېتىر، كەڭ قۇرنىڭ ئارىلىقى 60 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى يەنىلا ئون سانتىمېتىر بولىدۇ. تاق قۇر بويىچە تىكىش ياۋا شاخلارنى پۇتاش، تۈۋىنى يۇمشىتىش، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشقا پايدىلىق؛ قوش قۇر بويىچە تىكىش ئوغۇت بېرىش، كۆچەتنى كۆمۈش ۋە قومۇرۇشقا پايدىلىق. ھەر ئىككى ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، گەپ پەرۋىش قىلىشنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىغا باغلىق. قايسى ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ئەمەلىي شارائىتقا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. مەيلى قايسى ئۇسۇل بىلەن تىكىلسۇن، ھەربىر مو يەرگە كېتىدىغان قەلەمچە سانى ئوخشاش بولۇش كېرەك.

ئوخشاش بولمىغان مۇھىت شارائىتىدا ئانار قەلەمچىسى تىكىش چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش بولمايدۇ. قۇرغاق رايونلاردا قەلەمچىنىڭ ئۇچى يەر يۈزىدىن بىر سانتىمېتىر چىقىرىپ تىكىلىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە پەۋقۇلئاددە سوغۇق ياكى ئۇششۇك ئاپىتى يۈز بەرسە قەلەمچىنىڭ ئۇچىنى نەم توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. تۇپرىقى نەم-

خۇش، ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولىدىغان رايونلاردا قەلەمچىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى بىر بىخى يەر يۈزىدىن چىقىپ تۇرۇش، يەنى قەلەمچىنى يەر يۈزىدىن 1.5—2 سانتىمېتىر ئېگىز تىكىش كېرەك. قەلەمچە تىكىشتىن بۇرۇن چوقۇم سۇغا چىلاپ قويۇلۇشى لازىم. تىكىش يانتۇلۇقى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك، ئادەتتە 75—80 گرادۇس بولسا بولىدۇ. تۇپراقنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى، يۇمشاقلىقى ۋە نەملىكى قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تۇپراقنى يۇمشىتىپ قەلەمچىنىڭ تۈۋىگە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش، ۋاقتى - قارايىدا سۇغىرىپ، بىخ ۋە يىلتىز چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

### ە. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

رايونىمىزدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئانار قەلەمچىسى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىسى بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ، تېمپېراتۇرا، نەملىك شارائىتى ياخشىلانغانلىقتىن، كۆكلەش نىسبىتى ئادەتتىكى ئۇسۇلدا تىكىل-

گەن قەلەمچىلەرنىڭكىدىن 15—20% يېقىرى بولىدۇ.

2) قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. سۇلياۋ يوپۇق تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى توسۇپ، نەملىكنى ساقلايدىغان بولغاچقا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان قەلەمچىلەر 40—45 كۈنگىچە سۇ قويۇلمىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شۇڭا قۇرغاق، سۇ قىس رايونلار بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ ئۇسۇلدا سۇنى، ئەمگەك كۈچىنى ۋە مەبلەغنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

3) تېز ئۆسىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى توسۇپ، ئىسسىقلىقنى ساقلايدىغان بولغاچقا، نەملىك ۋە ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىدە تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلار تېز پارچىلىنىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن قەلەمچىلەر ئورگانىك ۋە مىنېرال ماددىلار بىلەن تولۇق ئوزۇقلىنىپ، ئۇلارنىڭ يىلتىز سۈرۈشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئادەتتىكى ئۇسۇلدا تىكىلگەن قەلەمچە تۇنجى يىلى 60—70 سانتىمېتر ئېگىزلىكتە ئۆسسە، بۇ خىل ئۇسۇلدا تىكىلگىنى 90—100 سانتىمېتر ئۆسىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

ئالدى بىلەن يەرگە 50—60 تاغار سۈپەتلىك قىغ قويۇپ، يەر يۇمشاق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قىر ئېلىپ، تەكشى تۈزلەپ، قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. ئوسا قىلىنىپ 4—5 كۈندىن كېيىن ساپان بىلەن 24—25 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا يۇمشاق ئاغدۇرۇپ، كەڭلىكى 50 سانتىمېتر،

ئېگىزلىكى 12—15 سانتىمېتر چۆنەك ئېلىنىدۇ ھەمدە چۆ-
نەكنىڭ ئۈستى ۋە يان تەرەپلىرى تەكشى تۈزلىنىدۇ،
چۆنەككە كەڭلىكى 70 سانتىمېترلىق سۈلياۋ يوپۇق يې-
پىپ، توپا بىلەن كۆمۈپ كەتمەن بىلەن چىڭدىلىدۇ.
چۆنەكنىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى تالدىن تۆت تال قوزۇق
قېقىپ، تاناپ تارتىلىدۇ، قوزۇقنىڭ ئارىلىقى 40 سانتى-
مېتر بولىدۇ. قەلەمچە تاناپنى بويلاپ سۈلياۋ يوپۇقنىڭ
ئۈستىدىن سانجىپ تىكىلىدۇ ياكى مەخسۇس تەييارلان-
غان ياغاچ بىلەن يوپۇقنى تېشىپ ئورەك ئېچىپ تىكىلى-
دۇ. قەلەمچىنىڭ ئۈچى سۈلياۋ يوپۇق يۈزىدىن 1·5 سان-
تىمېتر چىقىپ تۇرۇشى، ئۈستى نەم توپا بىلەن كۆمۈلۈ-
شى لازىم. قەلەمچە تىكىلىپ 20—25 كۈندىن كېيىن
بىخ چىقىرىشقا باشلايدۇ، بۇ مەزگىلدە بىخلارنىڭ سۈلياۋ
يوپۇقتىن چىقىش ئەھۋالىنى بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ
كۆزىتىپ تۇرۇش، ئەگەر قەلەمچىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى
بىرىنچى بىخى سۈلياۋ يوپۇقنىڭ ئاستىدا قېلىش تۈپەي-
لى تۈز ئۆسمەي، يەر بېغىرلاپ ئۆسۈپ قالغان بولسا،
ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئوڭشاپ قويۇش لازىم.

## 5. پەرۋىش قىلىش

### 1. سۇغىرىش

قەلەمچە ۋە ياش كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزى قىسقا
بولۇپ، ئۆزگە كېتەرلىك سۇنى تۇپراقتىن سۈمۈرەلمەي-
دىغان بولغاچقا، چوڭ دەرەخلەرگە قارىغاندا ئۇلارغا سۇ

ئۆپرەك قويۇلىدۇ. ئادەتتە بىر يىل ئىچىدە بەش قېتىم،
كۆپ بولغاندا ئالتە قېتىم سۇ قويۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.
ھەر قېتىم سۇ قويغاندىن كېيىن تۈۋىنى يۇمشىتىش، بو-
لۇپمۇ تۇنجى قېتىم سۇ قويغاندىن كېيىن يەرنى چاناپ
تۈۋىنى يۇمشىتىپ، قەلەمچىلەرنىڭ يىلتىز تارتىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاق يەرگە تىكىلگەن قەلەمچى-
لەرگە شۇ كۈنىلا سۇ قويۇلىدۇ؛ ئۇسسىغا تىكىلگەن قەلەم-
چىلەرگە 20 كۈندىن كېيىن سۇنى ئاز باشلاپ تېيىز سۇ
قويۇلىدۇ؛ سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان قەلەمچىلەر 4 - ئاينىڭ
بېشىدا تىكىلگەن بولسا 5 - ئاينىڭ 10 — 15 - كۈنلىرى،
ئۇنىڭدىن بۇرۇن تىكىلگەن بولسا 5 - ئاينىڭ 1 — 10 -
كۈنلىرى سۇ قويۇلىدۇ. قەلەمچىلەر مەيلى قايسى ئۇسۇل
بىلەن تىكىلگەن بولسۇن، بىخلىنىپ 15—20 سانتىمېتىر
بولۇشتىن ئىلگىرى ئېتىزدا سۇ توختاپ قالماسلىقى،
قەلەمچىلەرنىڭ ئۇچى سۇغا چىلىنىپ قالماسلىقى كاپا-
لەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۇنى ئاز قويۇش كېرەك. ئەگەر
چۆلەك ئېلىپ تىكىلگەن بولسا، چۆنەكنىڭ قىرىدىن سۇ
بېسىۋېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. تۇنجى قېتىم سۇ قويۇپ
1—2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېتىزلارنى تەكشۈرۈپ،
سۇ ئېقىتىپ كەتكەن، تۈۋىنى سۇ كولىۋەتكەن تۈپلەر
بولسا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۈۋىگە توپا يۆلەپ چىڭداپ
قويۇش لازىم. قەلەمچىلەرنى يامغۇر سۈيى ياكى سېغىز-
لاي سۇ بىلەن سۇغىرىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ قەلەمچىلەر
بىخلىنىشقا باشلىغاندا سۇنى بەك كۆپ قويۇشقا بولمايدۇ.
ئەگەر 1 - ۋە 2 - قېتىملىق سۇ قويغاندا دىققەت قىل-

ـماي، سىغىز، لاي سۇ قويۇپ قىلىنىدىغان بولسا بىخ ۋە ياش نوتىلار لاي بىلەن كۆمۈلۈپ قالىدۇ - دە، پۈتۈنلەي سېسىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. قەلەمچىلەرنىڭ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىردىن ئاشقاندا سۇنى كۆپرەك قويۇشقا بولىدۇ!

ئانار قەلەمچىسى ئىسسىققا، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ 7 -، 8 - ئايلاردا ھەر 20 كۈندە بىر قېتىم سۇ قويۇلسا ئۆسۈشىنى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، 9 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ 20-كۈنلىرىگىچە بولغان مەزگىلدە سۇ قويۇشنى قەتئىي تىزگىنلەپ، كۆچەتلەرنى ئۆسۈشتىن توختىتىپ، غول - شاخلارنىڭ ياغاچلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا كۆچەتلەر كۆمۈلگەن تەقدىردىمۇ ئۈشۈشۈپ كېتىپ قىشتىن چىقالمايدۇ. قەلەمچىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈيى كۆمۈشتىن ئىلگىرى، يەنى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا قويۇلىدۇ.

### 2. تۈۋىنى يۇمشىتىش

ئانار قەلەمچىسى يۇمشاق تۇپراقتا تېز ئۆسەلەيدۇ. قەلەمچىلەرگە ھەر نۆۋەت سۇ قويۇپ 5—6 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇر ئارىلىقىنى كەتمەن بىلەن 7—8 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاناپ تۈۋىنى يۇمشىتىش كېرەك. لېكىن قەلەمچىلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى مەزگىلدە چانىغاندا بىخلارنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشى، نوتىلارنىڭ يېرىلىپ كېتىشى، قەلەمچىلەرنىڭ زەخىملىنىپ

قۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. چاناش ئەگەر چوڭقۇر بولغاندا 10 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئەگەر تېيىز بولغاندىمۇ بەش سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

چاناشتىكى مەقسەت، يەرنى يۇمشىتىپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى نورماللاشتۇرۇش، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش، قەلەمچىلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياخشى شارائىت هازىرلاپ بېرىش، نوتىلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئانار قەلەمچىسى هاۋا تېمپېراتۇرىسى 14 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشقاندا بىخلىنىشقا، 17 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشقاندا يوپۇرماق چىقىرىشقا، 19—20 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشقاندا يىلتىز چىقىرىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆز تېنىدىكى سۇ ۋە تۇپراقتىكى نەملىكنىڭ تەسىرىدە هايات كەچۈرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ۋاقتىدا چاناپ تۈۋىنى يۇمشىتىپ، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىتىلمىسە يىلتىز سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئاستا بولىدۇ-دە، قەلەمچىلەرنىڭ ئۆز تېنىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخلارغا مىنېرال ماددىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىخلارنىڭ نوتا سۈرۈشىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ. شۇڭا چاناپ تۈۋىنى يۇمشىتىش قەلەمچىلەرنى پەرۋىش قىلىشتىكى هالقىلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. ئانار قەلەمچىسى ئارتۇقچە هۆللۈكنى خالىمايدىغان بولغاچقا، هۆل-يېغىن كۆپ ياغقان، سۇ كۆپ كىرىپ كەتكەن مەزگىللەردە كۆچەتلەر-

نىڭ تۈۋىنى كۆپرەك يۇمشىتىپ، نەملىكىنى قاچۇرۇۋشقا دىققەت قىلىش لازىم. تۇپراق مۇنبەت، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى نورمال، كۈن نۇرى يېتەرلىك بولسا، قەلەمچىلەر دەسلەپتە ئانار چېچىكى رەڭدەك قىزىل بىخ ۋە قىزىل يوپۇرماق چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن يىلتىز سۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق نوتىلار نابۇت بولماي، تولۇق ئەي بولىدۇ. تۇپراق ئۈنۈمسىز، ھەددىدىن زىيادە نەم بولسا، كۈن نۇرى تولۇق چۈشمىسە قەلەمچىلەر يېشىل بىخ چىقىرىدۇ. بۇ، نوتىلارنىڭ ئۆسۈشى ئاستا، يىلتىز قىسمىنىڭ تەرەققىياتى ناچار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق نوتىلارنىڭ 15—20 پىرسەنتى قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا سۇ، ئوغۇت، كۈن نۇرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، تۈۋىنى يۇمشىتىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

### 3. ئوغۇتلاش

ئوغۇتلاش تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆچەتلەرنى تېز ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى. يۇقىرىدا ئانار قەلەمچىسى يۇمشاق، مۇنبەت تۇپراقلارغا تىكىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئانار قەلەمچىسى كۆپ ھاللاردا قۇمسال ياكى قۇم ئارىلاش بوز تۇپراقلارغا تىكىلىدۇ، لېكىن بۇنداق يەرلەرنىڭ تۇپراق قۇرۇلمىسى دېگەندەك ياخشى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇپراق ۋە كۆچەت ئەھۋالىغا

قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئورگانىك ئوغۇت ۋە ئانئورگا-
نىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلى-
قىنى ئاشۇرۇپ، كۆچەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ۋە مەھسۇلات
مىقدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئانار دەرىخىنىڭ مېۋىگە
كىرگەنلىرىگە ئاساسەن ئورگانىك ئوغۇت بېرىلىدۇ.
كۆچەتلەرگە ئاساسەن ئورگانىك ئوغۇت، قوشۇمچە خىمى-
يىۋى ئوغۇت بېرىلىدۇ.

ئورگانىك ئوغۇت. كۆچەتلەرنى ئوغۇتلاشتا ئورگا-
نىك ئوغۇت ئەڭ ياخشى ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ئورگانىك
ئوغۇت تەركىبىدە كۆپ خىل ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار بولىدۇ،
بۇ خىل ئوغۇتنىڭ ئۈنۈم بېرىش مۇددىتى ئۇزاق بولۇپ،
ئۇنىڭ پارچىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان كاربون (IV) ئوك-
سىدى كۆچەتلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولىنى ئاشۇرى-
سۇرىدۇ؛ تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھاياتىي
كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرىدۇ،
تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق ۋە بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى
ياخشىلاپ، سۇ، ئوغۇت، ھاۋا ۋە ئىسسىقلىقنىڭ بىر - بى-
رى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. ئورگانىك
ئوغۇت تۇپراقنىڭ پەسەيتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ،
تۇپراق تەركىبىدىكى زەھەرلىك ئېلېمېنتلارنىڭ رولىنى
تۆۋەنلىتىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت يۇقىرىقىدەك كۆپ تەرەپ-
لىمىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈم
بېرىش سۈرئىتى خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭكىدىن ئاستا.
ئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئاستا ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنىلا كۆرۈپ،
باشقا ئارتۇقچىلىقلىرىغا سەل قاراپ، خىمىيىۋى ئوغۇت

كۆپلەپ ئىشلىتىلسە سە، تۇپراق خاراپلا قالماستىن، تۇپ-
راق ئېكىلگىسى دىزولىشتەك ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقى-
دۇ. ئانار كۆچىتى قىشتا كۆمۈلمىدىغان بولغاچقا، قىغ،
توخۇ - كەپتەر مايىقى، كۈنجۈرە قاتارلىقلارنى كۆپرەك
بېرىپ، كۆچەتلەرنىڭ تەبىئىي ھالدا مۇۋاپىق ئۆسۈشىنى
قولغا كەلتۈرۈش لازىم. خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپ بېرىپ
پەۋقۇلئاددە تېز ئۆستۈرۈۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.
ئەگەر پەۋقۇلئاددە تېز ئۆستۈرۈۋېتىلىدىغان بولسا، كۆ-
چەتلەر كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئوڭايلا ئۇچ-
راپ قالماستىن، غولى قېتىپ ياغاچلىشىپ بولالمايدۇ-دە،
قىشتا كۆمۈلگەن تەقدىردىمۇ بەربىر ئۈششۈپ كېتىدۇ.
خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىشكە توغرا كەلگەندە، ئورگانىك
ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ
بېرىش لازىم.

سېغىز تۇپراقلىق يەر قاتتىق، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى
ناچار بولىدۇ. بۇنداق يەرلەرگە تىكىلگەن قەلەمچىلەر-
نىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن، يوتىلارنىڭ ئۆسۈش
سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، بۇنداق تۇپراققا تىكىل-
گەن قەلەمچىلەرگە توخۇ - كەپتەر مايىقى، ئات - قوي
قىغى، كۈنجۈرە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاش-
تۇرۇپ بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىل قىغلار تۇپراقنى
يۇمشىتىپ ۋە قىزىتىپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈش
ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

قۇمساڭ تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسى ناچار، تېمپېراتۇ-
رىسى بىرقەدەر يۇقىرى، نەملىك ساقلاش ئىقتىدارى

تۆۋەن بولغاچقا، بۇنداق تۇپراققا تىكىلگەن قەلەمچىلەر-گە كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قىغى نىسبەتەن مۇۋاپىق مىقداردا خىمىيۋى ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

بوز تۇپراق، ئەت تۇپراق، مەنبەت تۇپراقلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇۋاپىق، تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ تەكشى ۋە تولۇق بولۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشقان بولىدۇ. بۇنداق تۇپراقلارغا تىكىلگەن قەلەمچىلەر تۇپراققا تېز ماسلىشىپ، تېز ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇنداق قەلەمچىلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كالىيلىق، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن ئوغۇتلاش كېرەك.

ئانورگانىك (خىمىيىلىك) ئوغۇت. ئانورگانىك ئوغۇت ئاساسەن ھەرخىل خىمىيىلىك ئوغۇت بولۇپ، ئۇ سۇدا ئاسان ئېرىگەچكە ياكى ئاجىز كىسلاتالىق ئېرىتمە بولغاچقا، ئۇنى كۆچەت ئاسانلا سۈمۈرۈپ پايدىلىنالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئوغۇت ئاز ئىشلىتىلىدۇ ۋە تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. ئانورگانىك ئوغۇتنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ، ئالار كۆچەتنى ئوغۇتلاشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئاممونىي نىترات ($NH_4NO_3$). نىترات ھالەتتىكى ئازوت بىلەن ئاممونىي ھالەتتىكى ئازوتنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت بولۇپ، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئازوت سۇدا

ئاسان ئېرىيدىغان بولغاچقا، ئۇنى كۆچەتنىڭ يىلتىزلىرى ئاسان سۈمۈرۈۋالىدۇ. ئاممونىي نىترات تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇت بولۇپ، ئاممونىي ئېئونلىرىنى تۇپراقتىكى كوللوئىدلار مۇسبەت يېپىشتۇرالايدۇ. ئۇنىڭ تۇپراقتىكى يۆتكىلىشچانلىقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، شۇڭا بۇ خىل ئوغۇتنى سۇ قويغاندا ئېتىزغا چېچىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۆچەتنىڭ تۈۋىنى يىراقتىن كولاپ مۇۋاپىق مىقداردا كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇ قويۇش لازىم. ئاممونىي نىتراتنىڭ تەركىبىدە ئازوت مىقدارى كۆپ بولغانلىقتىن، بىر مو يەرگە 3 — 6 كىلوگرام بېرىلسە بولىدۇ.

ئۇرېئا $CO(NH_2)_2$. ئۇرېئا ئامىد (قاتتىق جىسىم) ھالەتتىكى ئازوت مىقدارى ئەڭ كۆپ بىر خىل ئوغۇت. ئۇ ئاق كرىستال جىسىم بولۇپ، قۇرۇق شارائىتتا فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ناھايىتى ئوبدان ساقلاپ قالالايدۇ. لېكىن ھۆل شارائىتتا ئاسانلا نەم تارتىپ پارچىلىنىدۇ. ئۇرېئا تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارى 46 پىرسەنتكە يېتىدۇ. دانىچە ھالەتتىكى ئۇرېئاغا سۇ قاچۇرغۇچى ماددىلار ئارىلاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارى تۆۋەنلەپ تەخمىنەن 42 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇرېئا ئورگانىك ھالەتتىكى ئازوت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېئونلىشىش دەرىجىسى كىچىك بولۇپ، تۇپراققا كىرگەندىن كېيىن تۇپراققا ئېئونلۇق يېپىشمايدۇ، بەلكى مولېكۇلا ھالەتتە يېپىشىدۇ. ئۇرېئانى كۆچەتخانىلارغا ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ، قوشۇم-

چە ئوغۇت قىلغاندا دەسلەپكى يىلى بىر مو يەرگە 4 — 5 كىلوگرام، ئىككىنچى يىلى 6 — 7 كىلوگرام بېرىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئازوت كۆچەتلەرنىڭ جانلىق ھۈجەيرە پروتوپلازمىسىدىكى ئاقسىل ماددىسى، يادرو كىسلاتاسى ۋە فوسفور يېغىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنت. كۆچەت تېنىدىكى ئازوت مىقدارى نورمال بولسا كۆچەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تېزلىشىدۇ. ئەگەر ئازوت مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە يويۇرماقتىكى ئاقسىل ماددىسىنىڭ شەكىللىنىشى كۆپىيىپ كېتىدۇ - دە، غول ۋە يوپۇرماقلار يۇمشاقلىشىپ، بىھۇدە ئۆسۈشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئاسان ئۇچرايدۇ، ئۇگۇشسىز شارائىتلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىدۇ، كۆچەتلەرنىڭ ساغلام يېتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئىككى خىل ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆچەتلەرگە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىشقا توغرا كەلگەندە، يىلىغا بىر قېتىم يەنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا مۇۋاپىق مىقداردا بېرىش كېرەك.

سۇپېر فوسفات. سۇپېر فوسفات پاراشوكسىمان فوسفورلۇق ئوغۇت بولۇپ، تەركىبىدە سۇدا ئېرىيدىغان كالتسىي فوسفور ۋە سۇدا ئېرىمەيدىغان كالتسىي سۇلفات بولىدۇ. سۇپېر فوسفات كۆچەتلەرنىڭ تۆۋىنگە بېرىلىدۇ. تېيىز بېرىلسە كۆچەتلەر دەسلەپكى ئۆسۈش مەزگىلىدىلا سۇمۇرۇۋالىدۇ، چوڭقۇر بېرىلسە ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى ئۆسۈش مەزگىلىدە سۇمۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆچەت

لەرنى ئۈچ خىل ئەشيالىق سۈپېر فوسفات بىلەن ئوغۇتلى-
سا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۈچ خىل ئەشيالىق
سۈپېر فوسفات توق كۆل رەڭلىك ئۇششاق دانىچە ئوغۇت
بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپېر فوسفاتتىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ
تەركىبىدە گەج (كالتسىي سۇلفات) مىقدارى ئاز بولىدۇ.
ئۈچ خىل ئەشيالىق سۈپېر فوسفات ئادەتتىكى سۈپېر
فوسفاتتىن يېرىم ھەسسە ئاز بېرىلسە ھەمدە بۇ ئىككى خىل
فوسفورلۇق ئوغۇت كۆچەتنىڭ يىلتىزىغا ئورگانىك ئوغۇت-
لار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلسە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك
دەرىجىدە ياخشى بولىدۇ. فوسفور ئاساسەن كۆچەتلەرنىڭ
ھۈجەيرە پروتوپلازمىسى، پروتوپلازما پەردىسى ۋە ھۈ-
جەيرە يادروسىدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ يادرو ئاقسىلى،
فوسفور مېيى ۋە فوسفور كىسلاتالىق قەنت خىللىرىنى
تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ. ھۈجەي-
رىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ئالدى بىلەن ھۈجەيرە يادروسىدىن
باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشىدە،
ۋە كۆپىيىشىدە فوسفور مۇھىم رول ئوينايدۇ. فوسفور يەنە
ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى بەزى فېرمېنتلارنىڭ مۇھىم تەركى-
بىي قىسمى بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېگېتاتىپلىق ئۆسۈش-
تىن ئوكۇشلۇق تۇردە جىنسىلىق ئۆسۈشكە ئۆزگىرىشىگە
ياردەم بېرىپ، كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، چېچەكلەش، ئۇرۇق تۇتۇش ۋە پىشىشنى
تېزلىتىدۇ. فوسفور يىلتىز سىستېمىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى
ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆچەت يىلتىزلىرىنىڭ تۇپراق-
تىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى

كۆچەيتىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئوڭۇشسىز شارائىتلارغا (مەسلەن، قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، كېسەللىككە، بورانغا) بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ.

ئەگەر كۆچەتلەردە فوسفور كەمچىل بولسا، كۆچەت تېنىدىكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرى ۋە ئاقسىل ماددىسىنىڭ ئۆزگىرىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بۆلۈنگۈچى توقۇلما ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى نورمال بولمايدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن يەر ئۈستىدىكى غول، شاخ، يوپۇرماق ھەممە يىلتىزلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

كالىيلىق ئوغۇت. ئانار كۆچىتى كالىيلىق ئوزۇقلۇق ماددىلارغا كۆپرەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ. چۈنكى ئانار كۆچىتى كۆپ ھاللاردا قۇمسال تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەچكە، ئۇنى داۋاملىق سۇغىرىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسى دېگەندەك ياخشى بولمىغانلىقتىن، تۇپراق تەركىبىدىكى كالىي مىقدارى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا كالىيلىق ئوغۇتنى تولۇقلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كالىيلىق ئوغۇتلاردىن كالىي خلورىد ($KCl$) ۋە كالىي سۇلفات ($K_2SO_4$) قاتارلىقلارنى كۆچەتلەرگە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىشكە، ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ.

كالىي خلورىد ($KCl$). سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى بوز رەڭلىك كرىستال ئوغۇت بولۇپ، نەملىكنى ئۆزىگە تارتىپ ئاسانلا كاللەك بولۇۋالىدۇ. ئۇنى بېرىشتە، كۆچەتنىڭ تۆۋىدىن ئېرىق ئېلىپ بېرىش، كۆچەتلەرنى زەخىملەندۈ-

رۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى يەمران نوتا ۋە يوپۇرماقلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق لازىم.

كالىي سولفات ($K_2SO_4$). ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك ئۇششاق دانىچىلىق كرىستال بولۇپ، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ. ئۇ فىزىئولوگىيىلىك كىسلاتالىق تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇت بولۇپ، ئۇنى ئانار كۆچەتلىرىدىن باشقا يەنە ھەر خىل كۆچەت ۋە تۇپراقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئازوت، فوسفور ۋە ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كالىي سولفاتنىڭ ئوغۇت تەركىبى يۇقىرى بولغانلىقتىن، كۆچەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز قىسمىغا يېقىن بېرىشكە ۋە غول - يوپۇرماقلىرىغا چېچىشقا بولمايدۇ. كالىي سولفاتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىشكە، قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بەرسىمۇ ئۈنۈمى زايا بولۇپ كېتىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، قۇمساڭ تۇپراقلىق كۆچەتخانىلارنى ياكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كالىيلىق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. كالىي ئازوت ۋە فوسفور بىلەن ئوخشاش مايدۇ. كالىي كۆچەت تېنىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولماستىن، بەلكى ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقىدا ئىئون ھالەتتە ياكى پروتوپلازمىلارغا يېپىشقان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا كالىي ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقىنىڭ ئوسموس (سىڭىش) بېسىمىنى ئاشۇرۇپ، يوپۇرماق يۈزىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ تارقىلىشىنى

ئازايتىپ، سۇ تەركىبىنىڭ پارغا ئايلىنىشتىكى فىزىئولوگىـ
يىلىك رولىنى ئاستىلىتىپ، كرچەتلەرنىڭ قۇرغاقچىلىققا
بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. كۆچەت تېنىدىـ
كى كالىي ماددىسىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى كۆچەت تېنىـ
دىكى سېللۇلوزىلار ۋە ياغاچ ماددىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە
پايدىلىق بولۇپ، كۆچەتنىڭ غول قىسمىنى قېتىشتۇرىدۇ،
كۆچەتنىڭ يېتىپ كېتىشكە ۋە كېسەللىك، ھاشارات زىـ
يانداشلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا
كالىيلىق ئوغۇت «غول ئوغۇتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئوغۇتلاش ۋاقتى. ئانار كۆچەتلىرى مەيلى ئورگانىك
ئوغۇت بىلەن،ئانورگانىك ئوغۇت بىلەن ۋە ياكى بۇ ئىككى
خىل ئوغۇتنىڭ ئارىلاشمىسى بىلەن ئوغۇتلانسۇن، ئوغۇتـ
لاش ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. ئومۇمەن، كۆچەتـ
لەر 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە
قوشۇمچە ئوغۇتلانسا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئازوتلۇق ئوغۇتلار
بىەن ئوغۇتلىغاندا 6 ـ ئاي ئىچىدە بىر قېتىم مۇۋاپىق
مىقداردا ئوغۇتلاش، كېيىنكى قېتىمدا كالىيلىق، فوسفورـ
لۇق ۋە ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. بىر
يىللىق كۆچەتلەر تۇپراق قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشى-ناچارلىقىـ
غا قاراپ بىر يىلدا 1 — 2 قېتىم، ئىككى يىللىق كۆچەتلەر
2 — 3 قېتىم ئوغۇتلانسا بولىدۇ.

ئوغۇتلاش مىقدارى. بىر يىللىق كۆچەتلەرگە 1 ـ
قېتىم ئوغۇتلىغاندا ئازوتلۇق ئوغۇتتىن ئۈچ كىلوگرام
ياكى فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتتىن 5 — 6 كىلوـ
گرام بېرىش، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ كېـ

يىڭكى ئوغۇتلاش مەزگىلىدە ئوغۇت مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپرەك بېرىش لازىم. فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلار ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىز كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم. ئورگانىك ئوغۇتتىن 1000 جىڭ ئەتراپىدا بېرىلسە بولىدۇ.

ئوغۇتلاش پرىنسىپى. ئوغۇتلاشتىن مەقسەت، كۆچەتلەرگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلارنى كۆپەيتىپ، تۇپراق شارائىتىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. لېكىن ئوغۇتلاش ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە تېخنىكىلىق تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئوغۇتلاشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى دېگىنىمىز دە، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايدىغان ئىش قىلماستىن. تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈش، ئاز چىقىم بىلەن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تېخنىكىلىق تەلەپ دېگىنىمىز دە، قارىغۇلارچە ئىش كۆرمەي، يەرنىڭ مۇنبەتلىك دەرىجىسى، كۆچەتنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئوغۇتلاش ئۇسۇلى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. يەنى، ھەر قېتىم ئوغۇت بەرگەندە بىرلا جايغا بېرىۋەرمەي. قۇر ئاتلاپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، بىرىنچى قېتىم ئوغۇت بەرگەندە، كۆچەتتىن 10 — 15 سانتىمېتر يىراق جايدىن 10 — 20 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك ئېچىپ، يەرلىك ئوغۇت بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى سېلىپ، ۋاقتىدا كۆمۈپ، ۋاقتىدا سۇ قويۇش لازىم. ئىككىنچى قېتىم ئوغۇتلى-

غاندا بىرىنچى قېتىم ئوغۇت بەرگەن قۇردىن بەرمەي، ئىككىنچى قۇردىن بېرىش، ئۈچىنچى قېتىم ئوغۇت بەرگەندە بىرىنچى قېتىم ئوغۇت بەرگەن قۇردىن بېرىش كېرەك. ئەگەر كۆچەت كۆككە زورلاپ بەك ئۆسۈپ كەتكەن بولسا، ئوغۇت بېرىش ۋە سۇ قويۇش قېتىم سانىنى ئازايتىش لازىم.

### ە. پۇتاش

ئانار قەلەمچىسى بىخ سۈرۈپ، نوتىلارنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىردىن ئاشقان مەزگىلدە، ياندىن چىققان شاخلارنى بىر قېتىم پۇتاپ، شاخلارنىڭ ئارىلىقىنى تەڭشەش. بىرىنچى قېتىمدا ئازراق، ئىككىنچى قېتىمدا كۆپرەك، ئۈچىنچى قېتىمدا مۇۋاپىق پۇتاپ، ئاساسىي شاخلارنى ساقلاپ قېلىپ، قوشۇمچە شاخلارنى پۇتۇنلەي پۇتىۋېتىش لازىم. كۆچەتلەر خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، يەك شاخلاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ 7 –، 8 – ئايلاردا ياندىن چىققان شاخلار ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۆسۈشىگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ مەزگىلدە بىر تۈپ قەلەمچىدە 2 — 3 تال ئاساسىي شاخ قالدۇرۇپ، ياندىن ئۆسۈپ چىققان قوشۇمچە شاخلارنى پۇتۇنلەي پۇتاپ ئېلىۋېتىش كېرەك. ئەگەر ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۆسۈشى ئاستا، قوشۇمچە شاخلارنىڭ ئۆسۈشى تېز بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بولسا، خىمىيۋى ئوغۇت بېرىشنى ۋە سۇ قويۇشنى توختىتىپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى قاچۇرۇش كېرەك. ياندىن

ئۆسۈپ چىققان شاخلار ئۆلچەمسىز، قالايمىقان بولغاچقا، كىرىپ ھاللاردا ساڭگىلىشىۋالىدۇ ياكى يەرگە چاپلىشىۋالىدۇ، بۇ ھال پەرۋىش قىلىشقىمۇ نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ شاخلارنى پۇتاپ ئېلىۋېتىشكە كۆز قىيماي ساقلاپ قالغان بىلەنمۇ، بەربىر ئاساسىي شاخلارغا يېتىشەلمەيدۇ، قىشتا كۆمگەن تەقدىردىمۇ تولۇق ياغاچلىشىپ بولالمىغاچقا، ئۈششۈپ قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ۋاقتىدا پۇتاپ ئېلىۋېتىپ، غول ۋە ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

### 5. ئوتاش

ئوتاش پەرۋىش قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. كۆچەتخانىدا سېرىق يۆگەي، خوخا، چىم، يۆگىمەچ، چىڭگىلىك، چۈجگۈن قاتارلىق ئوت - چۆپلەر بولىدۇ. بۇلار كۆچەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي كۈشەندىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالايلى، چىم كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قامال قىلىۋالسا، سېرىق يۆگەي، چىڭگىلىك، يۆگىمەچ قاتارلىق ياماشقۇچى ئوت - چۆپلەر يۇمران كۆچەتلەرگە يامىشىپ ئۆسۈپ، ئۇلارنى چىرمىۋالىدۇ - دە، نەتىجىدە كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى ئوت - چۆپلەر بولسۇن، تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلارنى ۋە سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈشكە تەسىر يەتكۈزۈپ، كۆچەتنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ھەر قېتىم كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشاتقاندا، كېسىلمەي قالغان ئوت - چۆپلەرنى يىل-

تمزى بىلەن يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ، كۆچەتخانىدا ھاۋا ئۆتكۈ-
زۈپ تۇرىدىغان، كۈن نۇرى تەكشى چۈشەلەيدىغان شارا-
ئىت يارىتىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
كېرەك.

## 6. قىشتىن ئۆتكۈزۈش

### 1. كۆمۈش

ئانار كۆچەتلىرى يۇمران، ياغاچلىشىپ بولمىغان
بولغاچقا، ئۇلارنى چوڭ ئانار دەرەخلىرىدىكە قاردىغاندا بۇ-
رۇنراق كۆمۈش لازىم. كۆمۈشتە تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىق-
قەت قىلىش كېرەك.

1) كۆمۈش مەزگىلىدە تۇپراق بەك نەممۇ ئەمەس،
بەك قۇرۇقمۇ ئەمەس، مۆۋاپىق بولۇش لازىم.

2) قەلەمچىلەر 11 - ئاينىڭ 5 — 20 - كۈنلىرىدىكى-
چە كۆمۈلۈپ بولۇش كېرەك. ئەگەر ئۇششۇك ۋە سوغۇق
ئېقىم پەيدا بولۇپ، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
تۆۋەنلەپ كەتسە بۇرۇنراق كۆمۈش كېرەك. كۆچەتلەرنى
كۆمۈشتە ياۋا شاخلارنى كېسىۋېتىپ، قايسى تەرەپكە قارى-
تىپ تىكىلگەن بولسا شۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كۆمۈش، كۆ-
مۈش داۋامىدا يىلتىزى چانىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش
كېرەك.

3) كۆچەتلەرنى باستۇرغاندا چىڭ بېسىش تۇپەيلى
سۇنۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالاھىدە ئېھتىيات
قىلىش، ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپلەردە كۆممەستىن، ھاۋا

سەل ئىسسىغان پەيتتە كۆمۈش كېرەك. چۈنكى يۇمران نوتىلار سوغۇقتا ئوڭايلا سۇنۇپ كېتىدۇ.

4) قەلەمچىلەرنى دەسلەپتە نىپىزرەك كۆمۈپ، 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە بىر نۆۋەت قېلىنراق كۆمۈش، ئۈستىگە ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ دەسسەپ، كۆچەتلەرنى ئېچىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇھاپىزەت قىلىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇش لازىم.

5) كۆچەتلەر كۆمۈلۈپ ئەتىيازدا ئېچىلغىچە بولغان ئارلىقتا سۇ قويماسلىق، سۇ كىرىپ قېلىپ كۆچەتلەر ئۈششۈپ كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

2. ئېچىش

قەلەمچىلەر ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، يەنى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدىن 30 - كۈنلىرىگىچە بولغان مەزگىلدە ئېچىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەمما يۆتكەپ تىكىلىدىغان كۆچەتلەرنى بۇ مەزگىلدە ئاچماستىن، 5 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ئېچىش كېرەك. كۆچەتلەرنى ئېچىشتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

1) ئېچىش مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. ھاۋا ئىسسىپ تېمپېراتۇرا كۈندىن كۈنگە ئۆرلەپ كەتسە 3 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ئېچىۋېتىلسە بولىدۇ. ھاۋا سوغۇق بولۇپ شامال كۆپ چىقسا ياكى ھۆل - يېغىن بولۇپ ھاۋا بىرنەچچە كۈن ئېچىلماي، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتسە 3 - ئاينىڭ 25 -كۈنلىرىدىن كېيىن ئېچىش كېرەك.

2) كۆچەتلەرنى ئاچقاندا ئۇستىدىكى توپىلارنى كەتمەن بىلەن ئەمەس، قول بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈش، ئاساسىي شاخلارنى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاستىدىكى توپىلارنى كەتمەن بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈپ، تەكشى تۈزلىۋېتىش كېرەك.

3) كۆچەتلەرنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ئاز سۇ باشلاپ، ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. مۇمكىن بولسا سۇغىرىشتىن ئىلگىرى، تۈۋىنى يۇمشىتىپ، يەرلىك ئوغۇت بېرىلسە تېخىمۇ ياخشى.

4) كۆچەتلەرنى ئېچىپ بولۇپلا چاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى كۆچەتلەر قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان، ياكى ھۆل توپا بىلەن كۆمۈلگەن بولسىمۇ نېپىز كۆمۈلۈپ قالغان بولسا، بىر قىسىم كۆچەتلەر ئېچىلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن كۆكلەيدۇ ياكى بىر قىسىملىرىنىڭ سېپى ياكى ئۇششۇپ قۇرۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى شۇ يىلى يۆتكەيدىغان ياكى كېلەر يىللىرى يۆتكەيدىغان كۆچەتلەر بولسۇن، چاتاش، كېسىش ئىشىنى 5 - ئايلاردا كۆچەتلەرنىڭ كۆكلەش ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ مەزگىلگىچە كۆكلىمىگەن كۆچەتلەر تۈۋىدىن 5 — 6 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسىۋېتىلسە، قايتا كۆكلەپ يىل ئاخىرىغىچە باشقا كۆچەتلەرگە يېتىشىۋالىدۇ.

# V باغ بىنا قىلىش

## 1. يەر تاللاش ۋە پىلانلاش

هەرقانداق مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشتا، ئالدى بىلەن مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يەرلەر تاللىنىلىدۇ ۋە پىلانلىنىدۇ. ئانارلىق باغ بىنا قىلىشتىمۇ ئالدى بىلەن ئانار دەرىخىنىڭ تۇپراق، ھاۋا كىلىماتىغا بولغان تەلىپى ۋە ماسلىشىشچانلىقىغا ئاساسەن، تۇپراق ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ماس كېلىدىغان يەرلەرنى تاللاش لازىم.

باغ بىنا قىلىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭدىن ئۇزاق مۇددەت پايدىلىنىش. مېۋىلىك دەرەخ تىكىش ھەرگىز زىرائەت تېرىغانغا ئوخشاش بىر يىل تېرىپ كۆرۈپ بېقىپ، تۇپراققا ماسلاشمىسا كېلەر يىلى باشقا جايغا تېرىيمەن دېيدىغان ئىش ئەمەس. يەر تاللاشتا ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىشىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش پرىنسىپى بويىچە، يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شارائىتى، باغنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش لازىم.

ئانار دەرىخى تۇپراق، ھاۋا شارائىتى ماس كەلمىسە ئاسان ئەھياغا كەلمەيدۇ. ئانار دەرىخى تىكىپ 6 — 7

يىلدا ئاندىن مېۋىگە كىرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى پەرۋىش قىلىشتا خېلى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانار كۆچىتى قىممەت بولۇپ، سېتىۋېلىش، يۆتكەش، تىكىش، باغ بىنا قىلىش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەلۇم مەبلەغ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا باغ بىنا قىلىشتىن ئىلگىرى باغ يېرىنى تاللاش ۋە پىلانلاش ئىشىغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش، باشتا ياخشى ئويلانماي، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن باغنى يۆتكەيمەن دەپ مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچىنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئانارلىق باغقا هاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولغان قۇم تۇپراق، قۇمسال چىرىندە تۇپراق، قۇم ئارىلاش مۇنبەت تۇپراق، قۇم ئارىلاش يېنىك تۇپراق ياكى لاتقىلىق چىرىندە تۇپراق جايلاردىن كۆنگەي، هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، سۇغىرىشقا قولاي يەرلەرنى تاللاش لازىم. سۇ ئورنى يۇقىرى، شور، زەي، PH قىممىتى يۇقىرى، سېغىز تۇپراقلارنى تاللاشقا بولمايدۇ. ئەگەر سېغىز ئارىلاش مۇنبەت تۇپراقتا باغ بىنا قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن قۇم تۆكۈپ، يەرنى قايتا - قايتا ئاغدۇرۇپ يۇمشىتىش ئارقىلىق، سۇ سىڭىشىدىغان، هاۋا ئۆتۈشىدىغان قىلىش لازىم. ئانار دەرىخى ئىسسىقلىققا، يورۇقلۇققا موهتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سالقىن هاۋاغىمۇ موهتاج، چۈنكى هاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى مەزگىلدە ئانار دەرەخلىرىنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرمىسا، ئانارنىڭ ئەمدىلا شەكىللەنگەن مېۋىسى بەرگىدە تۇرۇپلا پۇرلىشىپ قارى-

داپ قالىدۇ ـ دە، يېگىلەپ چۈشۈپ كېتىدۇ ھەتتا يېتىلى
ۋاتقان مېۋىلىرىنىڭمۇ رەڭگى ئۆزگىرىدىپ، سۈپىتىگە تەسىر
يېتىدۇ. يەر تالىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەردىن تېجەش
لىك پايدىلىنىش پىرىنسىپى ئاستىدا، باغ كۆلىمىنىڭ چوڭ
كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئوچاستىكىلارغا ئايرىپ، يول، ئېرىق،
قىسىملات قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، بىر تۇتاش
ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر باغنىڭ كۆلىمى 80
مودىن ئارتۇق بولسا، كەلگۈسى تەرەققىياتىنى
كۆزدە تۇتۇپ، يوللارنى كەڭرەك ئېلىش. يولنىڭ ئىككى
تەرىپىگە سۇغىرىش ئېرىقى ئېلىش لازىم. ئېرىق بويىلىرىغا
ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق قىشتا كۆمۈلمەيدىغان
كۆچەتلەر تىكىلسە بولىدۇ. باغنىڭ تۆت ئەتراپىغا جىگدە
قاتارلىق دەرەخلەرنى تىكىپ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش
ھەلبىغى بەرپا قىلىش كېرەك.

## 2. كۆچەت تەييارلاش

كۆچەت ـــ باغ بىنا قىلىشنىڭ ماددىي ئاساسى، دەل ـ
دەرەخلەرنىڭ تېز ئۆسۈپ، مول ھوسۇل بېرىشىنىڭ ئالدىن
قى شەرتى. كۆچەت سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى
ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئۆسۈشىنىڭ
تېز ـ ئاستا بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. سۈ
پەتلىك كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز تارتىشى بالدۇر، ئۆسۈشى
تېز بولىدۇ، شۇڭا ئېگىز، توم، تېمەن كۆچەتلەرنى تاللاپ
تىكىش لازىم.

كۆچەت تىكىشتىن بۇرۇن، يەرنى يۇمشاق ئاغدۇرۇپ، ئۇچاستىكىغا ئايرىپ قىر ئېلىپ تەكشى تۈزلەش، كۆچەت تىكىلىدىغان ئەمەلىي يەرنى ھېسابلاپ، كېتەرلىك كۆچەت سانىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر كۆچەتخانىنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولسا كۆچەتلەرنى ئۇدۇللۇق يۆتكەپ ئۇدۇللۇق تىكىش كېرەك. ناۋادا سىرتتىن (باشقا ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن) يۆتكەپ كېلىنمەكچى بولسا، رەسمىي تىكىشتىن 1 — 2 كۈن بالدۇر يۆتكەپ كېلىپ، مەشغۇلات رايون دائىرىسىدىكى يول، ئېرىق بويلىرىدىغا ھۆل توپا سىلەن يىلتىز قىسمىنى كۆمۈپ قويۇپ تۇرۇپ، ئۇدۇللۇق ئېچىپ ئۇدۇللۇق تىكىش لازىم.

### 3. كۆچەت تىكىش مەزگىلى

ئانار كۆچىتىنى تىكىش مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. ئانار كۆچىتىنى تىكىش مەزگىلى نىسبەتەن قىسقا بولۇپ، ئادەتتە 10 — 15 كۈن داۋام قىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ئانار كۆچىتىنى تىكىش مەزگىلى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا قارىغاندا بۇرۇنراق يېتىپ كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدا ھەرقايسى رايونلار ئارا ئانچە كۆپ پەرق بولمىغانلىقتىن، بۇ جايلاردا ئاساسەن 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنلىرىگىچە تىكىلسە بولىدۇ. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى كىلىماتى سوغۇق بولۇپ، يەرنىڭ تېمپې

4 - رايونلاردا بۇ ئۆرلىگەنلىكتىن، كېيىنرەك ئاتۇردىسى
ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە تىكىلسە بولىدۇ.
ئانار دەرىخى كۆمۈكتىن كېيىنرەك ئېچىلغاچقا، بىخ ۋە يوپۇرماق چىقىرىشىمۇ كېيىنرەك بولىدۇ. ئانار دەرىخى ئادەتتە 14 — 15 سېلسىيە گرادۇسلۇق تېمپېراتۇرىدا بىخلىنىدۇ، 16 — 17 سېلسىيە گرادۇسلۇق تېمپېراتۇردا يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئانار دەرىخىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى چىڭ ئېگىلەپ، ئانار كۆچىتىنى بىخلىنىشتىن بۇرۇن يۆتكەپ تىكىپ بولۇش لازىم. ئانار كۆچىتىنى كۈز پەسلىدە تېكىشكىمۇ، ئەتىياز پەسلىدە تىكىشكىمۇ بولىدۇ. قايسى پەسىلدە تىكىشنى شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ۋە تەييارلىق ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. مەيلى قايسى مەزگىلدە تىكىلسۇن، تەلەپ بويىچە دەل ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تىكىلسە، ۋاقتىدا سۇغىرىپ ۋاقتىدا كۆمۈپ، ۋاقتىدا ئېچىپ، ئوبدان پەرۋىش قىلىنسا ئەي بولۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كۈز پەسلىدە ئانار دەرەخلىرى يوپۇرماق تاشلىغاندىن كېيىن، يەنى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدىن 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنلىرىگىچە بولغان مەزگىلدە تىكىلسە بولىدۇ.

## 4. كۆچەت قومۇرۇش ۋە يۆتكەش

كۆچەت قومۇرۇش باغ بىنا قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، قومۇرۇش سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى كۆچەتنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، مەھ-

سۇلاتى ۋە مېۋىگە كىرىش ۋاقتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسە-
تىدۇ. شۇڭا، كۆچەت قومۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمى-
مىيەت بېرىش كېرەك.

كۆچەت قومۇرۇشتىن بۇرۇن، ئادەم كۈچىنى مۇۋاپىق
ئەشكىللەپ، قومۇرۇش، ئوراش-قاچىلاش، توشۇش قاتار-
لىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم. شۇنداق قىلغان-
دىلا كۆچەت قومۇرۇش مەشغۇلاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

كۆچەتلەرنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن قومۇرۇش
ۋە يۆتكەش كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. قومۇ-
رۇش ۋە يۆتكەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىنماي، يىلتىزى
زەخىملەندۈرۈلۈپ قويۇلسا، پوستى سويۇلۇپ كەتسە، تى-
كىش سۈپىتى قانچە ياخشى بولغان بىلەن مۇ ئەي بولۇش
نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بول-
مايدۇ. بويى 1.50 مېتىردىن تۆۋەن بولماسلىقى، قاتال-
بولۇپ قالمىغان، قورۇلمىسى ساغلام، راۋان ئۆسۈۋاتقان
ياش كۆچەتلەردىن بولۇشى كېرەك.

قومۇرۇش. 2 — 3 يىللىق بولغان ئانار كۆچىتىنىڭ
يىلتىز سىستېمىسى كۆپ تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ. ئوق
يىلتىزى ئىنچىكە بولۇپ، تۇپراق قاتلىمىغا ئاران 50—60
سانتىمېتر ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ. ئەمما چاچما
يىلتىزلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۇپراق يۈزىدىن
25 — 50 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا ئەتراپقا يېيىلىپ،
50 — 80 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇققا بارالايدۇ. شۇنىڭ

ئۈچۈن، كۆچەتلەرنى قومۇرۇشتا كۆچەت مەركىزىدىن 30 — 35 سانتىمېتىر يىراق جايدىن دىئامېتىرى 60—70 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 40 — 50 سانتىمېتىر كولاپ، يىلتىزى بىلەن تولۇق قومۇرۇش لازىم. شارائىت بولسا قومۇرۇلىدىغان كۆچەتلەر ئالدىن سۇ قويۇلۇپ، ئۇسسى كېلىشكەندە قېزىۋېلىنسا ئەي بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. مېۋىگە كىرگەن ئانا تۈپلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلارنى تىككىشكە توغرا كەلسە، ئەتراپىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر كولاپ، چاچما يىلتىزلىرىنى تولۇق قومۇرۇش لازىم.

يۆتكەش. قېزىلغان كۆچەتلەرنى ئۇدۇللۇق ئوراپ - قاچىلاپ، ئۇدۇللۇق يۆتكەش لازىم. يۆتكەش جەريانىدا يىلتىزى شامالداپ قۇرۇپ قېلىشتىن ۋە مېخانىكىلىق زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆچەتنى بىردەك ئوراپ - قاچىلاپ يۆتكەش كېرەك. كۆچەتلەرنى يۆتكەشتىن ئاۋۋال زەخىملەنگەن شاخ - يوپۇرماقلىرىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن - قىسقىلىق دەرىجىسى بويىچە 50 — 100 تۈپنى بىر باغلام قىلىپ باغلاش، يۆتكەشتىن ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىپ كارانتىن قىلىش، كېسەللىك، ھاشارەت زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغان كۆچەتلەرنى يۆتكىمەسلىك كېرەك. بىپەرۋالىق قىلىنىپ بۇنداق كۆچەتلەر يۆتكەپ كېلىنسە، بىر تەرەپتىن كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى كېڭىيىپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان بولىدۇ. كۆچەتلەرنى ماشىنا - تراكتورلارغا بېسىپ يۆتكەش جەريانىدا

ھېخانىكىلىق زەخمىلىنىشتىن، يىلتىز ۋە غوللارنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش بويىچە پۇختا تەدبىر قوللىنىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر باغ كۆچەتنىڭ يىلتىز قىسمىنى سۇلياۋ بىلەن ھىم ئوراش ياكى سۇلياۋ خالتىغا سېلىش، ماشىنا - تراكتورلارغا بېسىپ، ئۈستىگە بىر زىت قاتارلىق نەرسىلەرنى يېپىپ ھەھكەم تاڭغاندىن كېيىن ئاندىن يۆتكەش، يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ، رەتلىك تىزىپ، ھۆل توپا بىلەن يىلتىزىنى قېلىن كۆمۈپ قويۇپ، تىكىش ۋاقتىدا ئۇدۇللۇق ئېچىپ، ئۇدۇللۇق تىكىش لازىم.

## 5 كۆچەت تىكىش

ئانار دەرىخى سوغۇققا چىدامسىز بولۇپ، كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، قۇر ۋە تۈپ ئارىلىقىنى كەڭ قويۇش لازىم. جايلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، قۇر - تۈپ ئارىلىقى 5 × 5 مېتر بويىچەبىر مويەرگە 27 تۈپ كۆچەت تىكىلسە زىچلىقى مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر قويۇق تىكىلگەندىمۇ قۇر - تۈپ ئارىلىقى 4 × 5 مېتر بولۇش، يەنى بىر مو يەرگە تىكىلىدىغان كۆچەت 33 تۈپتىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم.

ئانار كۆچىتىنى تىكىشتە، ئادەتتە ئورەك كولاپ تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئورەكنىڭ كەڭلىكى 50—60 سانتىمېتر، چوڭقۇرلۇقى 80 — 85 سانتىمېتر بولىدۇ. ئورەكنىڭ ئاستىغا 20 — 25 جىڭ سۇپەتلىك يەرلىك

ئۇغۇت، ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە 25 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇرۇق
توپا تۆكۈپ، ھەر بىر كاتەككە ئىككى تۈپ (بىرسى چوڭ،
بىرسى كىچىك) كۆچەت تىكىپ قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈ-
لىدۇ، ئورەكنىڭ قالغان قىسمىغا سۇ قويۇلىدۇ.

ئورەك كولاپ كۆچەت تىكىشتىن مەقسەت، ئورەك
بويىچە سۇغىرىدىپ، سۇنى ئىقتىساد قىلىشتىن ئىبارەت.
بۇ ئۇسۇل قۇرغاق، سۇيى قىس رايونلارغا باب كېلىدۇ.
شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تىكىلگەن كۆچەت
كۆكلىگەندىن كېيىن ئورەك تىندۇرۇلۇپ، ئېتىزلار بويىچە
سۇغىرىلىدىغان بولغانلىقتىن، ئورەكنى بەك چوڭقۇر كولاش-
قا بولمايدۇ. ئەتىياز پەسلىدە كىلىماتى مۆتىدىل، ھۆل-
يېغىن كۆپ بولىدىغان، سۇيى بىرقەدەر مول رايونلار
ئورەك بويىچە سۇ قويماي، ئېتىز بويىچە سۇ قويىدىغان
بولغاچقا، ئورەكنى ئۇنچەچوڭقۇر كولىمىسىمۇ بولىدۇ.

كۆچەت تىكىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن،
ئەمگەك كۈچىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۇرۇپپىلارغا
ئايرىش، ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئۈچتىن ئادەم بولۇش، بىر
ئادەم كۆچەتنى تۇتۇپ بېرىش، بىر ئادەم سىزىق بويىچە
تۈز تىكىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، يەنە بىر ئادەم توپا
تاشلاپ كۆمۈش ۋە چىڭداش لازىم. كۆچەتنى كۆمۈشتە،
يىلتىزىنىڭ ئوغۇت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ قالماسلىقى-
غا، قاتلىشىپ قالماي ئازادە تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش
لازىم. ئانار كۆچىتىنى باشقا كۆچەتلەردەك تىك تىكمەي،
كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ سەل يانتۇ تىكىش، بەك
تېيىز ياكى بەك چوڭقۇر تىكمەسلىك، كۆمۈپ بولغاندىن

كېيىن دەستەپ چىگداش لازىم. ياخشى چىگدالىسا سۇ قويغاندىن كېيىن ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىپ، يىلتىزى شامال-داپ كېتىدۇ-دە، كۆچەتنىڭ ئەي بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئانار كۆچىتىنى نەم يەرگە تىككەندە، نەم تۇپا بىلەن كۆمۈشكە بولمايدۇ. چوقۇم قۇرۇق يەرگە تىكىش، قۇرۇق تۇپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. ئانار كۆچىتى قۇرۇق يەرگە تىكىلگەن، قۇرۇق تۇپا بىلەن كۆمۈلگەن بولغاچقا، ھەر كۈنلۈك تىكىلگەن كۆچەتلەرگە ھەر كۈنى سۇ قويۇش ياكى بىر تەرەپتىن تىكىپ بىر تەرەپتىن سۇ قويۇش لازىم. سۇ قويۇپ 1 — 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كۆچەت-لەرنى تەكشۈرۈپ، سۇ ھەيدەپ كەتكەن، يىقىلىپ چۈشكەن، يىلتىزىنى سۇ كولىۋەتكەن كۆچەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش، كۆمۈلگەن يەردىن چاك چىقىپ يىلتىزلىرىغا ھاۋا ئۆتۈشۈپ قالغان كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى يەنە بىر قېتىم تۇپا يۆلەپ چىگداش لازىم.

# VI باغ پەرۋىشى

## 1. پەرۋىش قىلىش

ئانارلىق باغقا نىسبەتەن، توپىسىنى بوشىتىپ ئوتىنى ئوتاش، ياۋا شاخلارنى كېسىش ـ چاتاش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، كېسەللىك، ھاشارات زىياندا شلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش قاتارلىق پەرۋىش ئىشىنى ۋاقتى ـ قارايىدا ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش، چېچەكلەش، مېۋە بېرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم.

باغلارنى پەرۋىش قىلىش بىر مەزگىللىك ياكى بىر نەچچە يىللىق ئىش بولماستىن، بەلكى نەچچە ئون يىل ھەتتا بىر ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلىدىغان ئىش. ئەگەر پەرۋىش ياخشى ئىشلىنىدىغانلا بولسا، ئانار دەرىخى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتلىق تارىخىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ئانار دەرىخىمۇ باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش، مۇنداق تۆت دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

1. ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرى.بۇ دەۋر كۆچەت تىكىلگەندىن باشلاپ 15—20 يىللىق جەرياننى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. بۇ جەريانىدا كۆچەت مېۋىسىگە كىرىپ، مەھسۇلاتى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، غول، شاخلىرى تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەل تاج شەكىللەندۈرىدۇ؛ يىلتىزلىرىمۇ تولۇق تەرەققىي قىلىپ، بىر پۈتۈن يىلتىز سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەۋردە يىلىغا 4—5 قېتىم سۇ قويۇش، ھەر خىل ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن 1—2 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش، دەرەخنىڭ تۈۋىنى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم يۇمشىتىپ، ئوت-چۆپلەرنى يوقىتىش، تۈۋىدىن ۋە يانىدىن چىققان ياۋا شاخلارنى قىرقىپ تاشلاش، كۆچەتنىڭ ئەتراپىغا ئورنىشىۋالغان سېغىز، لاي ـ لاتقىلارنى ئېلىۋېتىش، چېچەكلەش مەزگىلىدە ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچراش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، مۇۋاپىق پەيتتە دورا چېچىش قاتارلىق ئىشلارنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بۇ ئىشلار ياخشى ئىشلىنىدىغان بولسا، مول ھوسۇل بېرىش دەۋرىنىڭ بالدۇر يېتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

2 . مول ھوسۇل بېرىش دەۋرى. بۇ دەۋر 25 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان 35 يىلدىن كۆپرەك جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە غول، شاخ ۋە يىلتىزلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىدۇ، مەھسۇلات مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپىيىدۇ، مەھسۇلات سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، تەمى تاتلىق، دانىسى چوڭ بولىدۇ، دەرەخنىڭ تېنى ئۆسۈشتىن توختاپ، شاخلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى قۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ دەۋردە يىلىغا 3—4 قېتىم سۇ قويۇش، كۆنجۈرە، ئات، كالا، قوي قىغى، ئۆي

قوشلىرىنىڭ ماياقلىرى بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش، 3—4 قېتىم تۇپىسىنى يۇمشىتىپ ئوتىنى يوقىتىش. تۆۋەنگە ئورنىشىپ قالغان سېغىز، لاي ـ لاتقىلارنى ئېلىۋېتىپ، ئەسلىدىكى تۇپراق ھالىتىنى ساقلاش، تۆۋى قېتىپ كەتكەن ياكى سۇ سىڭمەس ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا، يىلتىز قىسمىدىن 50—80 سانتىمېتىر يىراقتىن كولاپ قۇم (سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇمى) تۆكۈپ چاناش، قۇرۇپ قالغان شاخلىرى ۋە ھارام پۇتاقلىرىنى كېسىپ تاشلاش، غول، شاخلىرى ئېغىر دەرىجىدە كېسەللىك زىياندا شلىقىغا ئۇچرىغان بولسا، كېسىپ ئېلىۋېتىپ قايتا كۆكلىتىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ دورا چېچىش قاتارلىق ئىشلارنى ياخشى ئىشلەش لازىم. بۇ، ئانار دەرىخىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا پايدىلىق.

3 . قېرىلىق دەۋرى. بۇ دەۋر 60 ياشتىن 100 ياشقىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە دەرەخ قېرىپ ئاساسىي غول ۋە مېۋە شاخلىرى قۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ، يىلتىز قىسمىنىڭ پورلىشىپ چىرىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، مەھسۇلاتى تەدرىجىي كەملەيدۇ، مەھسۇلات سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە يان ۋە چاچما يىلتىز ئەتراپىدىن بىر قىسىم ياش نوتىلار ئۆسۈپ چىقىپ، ئەسلىدىكى غول، شاخلىرىنى تېزلا مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئانار دەرىخى قېرىلىق دەۋرگە كىرگەندە غولى ئاقىرىشقا باشلايدۇ، غولىنىڭ تۆۋەن قىسمى يېرىكلىشىدۇ، بەزىلىرىنىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ، تىكەنلىرى كۆپ

ۋە قاتتىق بولىدۇ، كۆكلەش مەزگىلى ئارقىغا سۈرۈلىدۇ. بۇ مەزگىلدە پەرۋىش قىلىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەرۋىش قىلىشتا، بىر يىلدا ئۈچ قېتىم، كۆپ بولغاندا تۆت قېتىم سۇغىرىش، يىلتىز قىسمىنىڭ چىرىدىپ كېتىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، كۈنجۈرە ياكى توخۇ - كەپتەر مايىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، ھەر بىر تۈپ دەرەخنى بەش كىلوگرام قىغ، 30 كىلوگرام قۇم بىلەن كۆكلەشتىن ئىلگىرى تۈۋىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. قوشۇمچە ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىنلا بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىدىپ، ئىككى ئايغىچە سۇغارماسلىق، قۇرۇپ كەتكەن شاخلىرىنى كېسىۋېتىش لازىم. پەرۋىش ياخشى ئىشلەنسە كېسىۋېتىلگەن شاخلار تۈۋىدىن نوتىلاپ، نەچچە ئون يىلغىچە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھوسۇل بېرىدۇ .

4 . يوقىلىش دەۋرى. يىلتىز چىرىدىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنسا ياكى ۋاقتىدا تەدبىر كۆرۈلسە، ئانار دەرەخىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ 100—150 يىلغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئەگەر ھېچقانداق تەدبىر كۆرۈلمىسە، 100 يىلدىن كېيىن تەبىئىي ھالدا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. يوقىلىش دەۋرىدە زور بىر قىسىم دەرەخلەرنىڭ ئاساسىي يىلتىزلىرى چىرىيدۇ، چاچما يىلتىزلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قالىدۇ، شاخلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك قۇرۇپ كېتىدۇ ، مېۋە شاخلىرىنىڭ بىخ چىقىرىش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ، يوپۇرماقلىرى بارغانسېرى كىچىكلەيدۇ، مېۋە بېرىشتىن توختايدۇ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلى-

قىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىدۇ، دېمەك يىلتىزلىرىنىڭ كۆپلەپ چىرىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئاساسى شاخلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ . ئەگەر ئاخىرقى پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىنسا ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى يەنە بىر نەچچە يىل ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

## 2 . تولۇقلاپ تىكىش

تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ۋاقتى - قارايىدا تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ 85—90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى شۇ يىلى 6 - ئايلارغىچە بىخ سۈرۈپ كۆكلەپ چىقىدۇ، قالغان 10—15 پىرسەنتى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆكلىمەيدۇ ، بەزىلىرى بىخىمۇ سۈرمەي ، قۇرۇپمۇ كەتمەي 7 - ئايلارغىچە تىكىلگەن پېتى تۇرىدۇ . بۇ ، تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ:

1) كۆچەتلەرنى قومۇرۇشتا ئاساسى يىلتىزلىرى كېسىۋېتىلگەن ، يۆتكەش جەريانىدا شاماللاپ يىلتىز قىسمىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولغان .

2) كۆچەت تىكىش ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ۋاقتىدا چۈشۈرۈلۈپ، يىلتىزى ۋاقتىدا كۆمۈلمىگەن ياكى كۆمۈلگەن بولسىمۇ قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈلگەنلىكى ئۈچۈن كۆچەتنىڭ يىلتىز قىسمىدىكى سۈنى قۇرۇق توپا سۈمۈرۈپ ئالغان.

3) كۆچەتلەر ۋاقىتلىق كۆمۈلگەن يەردىن ئۇدۇللۇق

ئېلىپ ئۇدۇللۇق تىكىلمەي، ئېتىزلىققا كەلسە ـ كەلمەس تاشلاپ قويۇلغانلىقتىن، كۆچەت تېنىدىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولغان، يىلتىزلىرى كۈن نۇرىدا قاقلىنىپ قۇرۇپ كەتكەن.

4) كۆچەتلەرنى تىكىشتە يىلتىزلىرى تەبىئىي ھالدا ئازادە كۆمۈلمەي، كاتەك تار ھەم تېيىز بولۇپ قىلىش تۈپەيلىدىن چاچما يىلتىزلىرى قاتلىشىپ قالغان ياكى ئوبدان چىڭدالماسلىق تۈپەيلىدىن يىلتىزى شامالداپ قالغان.

5) بىر قىسىم كۆچەتلەر چوڭقۇر ياكى تېيىز كۆمۈلۈپ قالغان.

6) ئورەكتىكى ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان توپا نېپىز بولۇپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزى ئوغۇت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ قىزىپ قۇرۇپ قالغان.

7) سۇغىرىش مەزگىلىدە سۇ كۆپ باشلانغان، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كۆچەتلەرنى سۇ ھەيدەپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ يىلتىزىنى سۇ كولىۋەتكەن. بۇ ئەھۋاللار ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن.

8) كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىدىنى چۈمۈلە، چاشقان، كىرپە قاتارلىقلار كولاپ يىلتىزىنى ئېچىۋەتكەن ياكى زەخىملەندۈرگەن.

9) بىر قىسىم كۆچەتلەر سىرتتىن يۆتكەپ كېلىپ تىكىلگەنلىكتىن، شۇ يەرنىڭ تۇپراق، سۇ ياكى ھاۋا شارائىتىغا ماسلىشالماي، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ ۋە

مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان.

10) بىر قىسىم كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزى ياكى غول قىسمىدا يوشۇرۇن كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، كۆچەت تىكىلگەندىن كېيىن كۆكلەشتىن ئىبارەت ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان.

دېمەك بىر قىسىم كۆچەتلەرنىڭ كۆكلىمەي قۇرۇپ قېلىشى ئاساسەن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 10 تۈرلۈك سەۋەبتىن بولىدۇ. بۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تېخنىكا مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، بۇ مەسىلىگە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قۇرۇپ كەتكەن كۆچەتلەرنىڭ ئورنىنى كېيىنكى كۆچەت تىكىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە تولۇقلاپ تىكىشكە بولىدۇ. كۈز پەسلىدە تىكىلگەن كۆچەتلەر شۇ يىلى كۈزدە كۆمۈلۈپ كېلەر يىلى 5-ئايدا ئېچىلغانلىقتىن، كۆكلىمىگەنلىرىنىڭ ئورنىغا كۈزدە تولۇقلاپ تىكىش، ئەتىيازدا تىكىلگەن كۆچەتلەرمۇ كۈزدە كۆمۈلۈپ، كېلەر يىلى 5-ئايدا ئېچىلغانلىقتىن، كۆكلىمىگەنلىرىنىڭ ئورنىغا كۈزدە تولۇقلاپ تىكىش لازىم. بەزى كۆچەتلەر شاخ-نوتىلىرىدىن كۆكلىمەي تۈۋىدىن كۆكلەپ چىقىدۇ، بەزىلىرى 7—8-ئايلارغىچە بىخمۇ سۈرمەي، قۇرۇپمۇ كەتمەي، ھۆل پېتى تۇرىدۇ. بۇنداق كۆچەتلەر 6—7-ئايلاردا تۈۋىدىن كېسىۋېتىپ يىلتىزى ياكى تۈۋىدىن كۆكلەپ چىقىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىلسە، كۆكلەپ باشقا كۆچەتلەرگە يېتىشىۋالىدۇ. بۇنداق كۆچەتلەرنى چىقىرىۋېتىپ تولۇقلاپ تىكىشنىڭ ھاجىتى يوق. تولۇقلاپ تىكىلىدىغان كۆچەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى

ئەتراپىتىكى كۆچەتلەر بىلەن ئوخشاش بولۇش، تولۇقلاپ
تىكىلگەندە ئەسلىدىكى قۇر - تۈپ ئارىلىقىنى ئاساس قى-
لىش لازىم .

## 3 . قۇر ئارىسىغا زىرائەت تېرىش

يېڭىدىن بىنا قىلىنغان باغلارغا تىكىلگەن كۆچەت-
لەرنىڭ قۇر، تۈپ ئارىلىقى كەڭ قالدۇرۇلغانلىقى، كۆ-
چەتلەر كىچىك،پاكار بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە يىل-
لارغىچە قۇر ئارىسىغا زىرائەت ياكى كۆكتات تېرىشقا بو-
لىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ،
كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلەتكىلى، ھەم يەر-
دىن تولۇق پايدىلىنىپ، كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
قۇر ئارىسىغا زىرائەت تېرىشتىن مەقسەت ، زىرائەتتىن
مول ھوسۇل ئېلىش ئەمەس، بەلكى باغ پەرۋىشىنى كۈچەي-
تىپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىش. ئۇن-
داق ئىكەن، قۇر ئارىسىغا زىرائەت تېرىش جەريانىدىكى
بارلىق - ئىش ھەرىكەت كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتكە بويسۇندۇرۇلۇشى
لازىم.

قۇر ئارىسىغا زىرائەت تېرىش كۆچەت تىكىلىپ مېۋى-
گە كىرگۈچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇر ئارىسىغا قانداق زىرا-
ئەتلەرنى تېرىش كېرەك ؟ پاكار ئۆسىدىغان سامان غول-
لۇق زىرائەتلەردىن بۇغداي، كېۋەز، زىغىر، زاغۇن،
قىچا ، كۆك ماش، زىرە، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلارنى،

تۆرۈپ، بەسەي، چامغۇر، سەۋزە، يالەك، پىياز قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىدىش لازىم. بۇ خىل زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنى تېرىغاندىمۇ كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىرى قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلارنى تېرىپ، ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ ئۇلاردىمۇ پاكار ئۆسىدىغان، بالدۇر پىشىدىغان زىرائەتلەرنى. پىلەك تارتىپ كۆچەتلەرگە ياماشمايدىغان سەي - كۆكتاتلارنى تېرىش لازىم. قوناق، كەندىر، ئاپتاپپەرەس. ئابدىملىك، تاماكا قاتارلىق ئېگىز ئۆسىدىغان زىرائەتلەرنى، شوخلا، جاڭدۇ، ياڭيۇ، ھەر خىل كاۋا - تەرخەمەك قاتارلىق ياماشقۇچى كۆكتاتلارنى تېرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئېگىز غوللۇق زىرائەتلەر بىر تەرەپتىن كۆن نۇرىنى توسۇۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھاۋا ئۆتۈشتۈرمەيدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەر ياخشى ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ، ھەر خىل كېسەللىك ۋە ھاشارات زىياندا شىلىقىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىشقا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. ياماشقۇچى كۆكتاتلار كۆچەتلەرگە ياماشىۋېلىپ، ھەم كۆن نۇرىنى توسۇۋالىدۇ، ھەم كۆچەتلەرنى بوغۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل كۆكتاتلار سۇنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، كۆكتاتنى دەپ كۆپ سۇ قويۇلىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن كۆپ سۇ خالىمايدىغان ئانار كۆچەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ.

قۇر ئارىسىغا زىرائەت تېرىشتا شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، كۆچەتلەرنى كۆمۈكتىن ئېچىش

تىن ئىلگىرى، يەرنى ئوسا قىلىمەن دەپ باغقا سۇ قويۇش-قا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆچەتنىڭ تۈۋىنى يۇمشى-تىش، ئوغۇتلاش، چاناش قاتارلىق پەرۋىش ئىشلىرىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، كۆچەتتىن كەم دېگەندە بىر مېتر ئارىلىق تاشلاپ تېرىش لازىم.

## 4. سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش

سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى بالدۇر مې-ۋىگە كىرگۈزۈش ۋە مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى.

مېۋىگە كىرگەن چوڭ ئانار دەرەخلىرى ئادەتتە باش-قا مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش سۇغا كۆپ ئېھتىياجلىق بولمىسىمۇ، ئەمما ۋاقتىدا سۇغىرىش، ۋاقتىدا ئوغۇتلاش ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە مېۋە بېرىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېڭىدىن تىكىلگەن ياش كۆچەتلەرگە ئادەتتە چوڭ دەرەخلەرگە قارىغاندا 2—3 قېتىم كۆپ سۇ قويۇلى-دۇ، كۆپ ئوغۇت بېرىلىدۇ.

سۇغىرىش. كونىلارنىڭ «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە» دەيدىغان گېپى بار. بۇنىڭدىن ئانار دەرىخىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلى-كىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئانارلىق باغنى كۆپ سۇغارماسلىق لازىم. ئانار كۆچەتلىرى مېۋىگە كىر-گۈچە بولغان 6—7 يىللىق ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا

چوڭ دەرەخلەرگە قارىغاندا سۇغا كۆپرەك موھتاج بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە يىلىغا 5 — 6 قېتىم سۇغىرىلسا بولىدۇ. بولۇپمۇ تۇنجى سۇيىنى قاندۇرۇپ سۇغىرىش، كېيىنكى سۇيىنى شۇ يەرنىڭ كىلىماتى ۋە تۇپرىقىنىڭ قۇرغاق ياكى نەملىك ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش، ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدىغان مەزگىلدە ئاز سۇغىرىش، قۇرغاق، تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتكەن مەزگىلدە قانغۇدەك سۇغىرىش لازىم. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، كەلگۈن سۇ بىلەن سۇغىرىشقا بولمايدۇ. مېۋىگە كىرگەن ياش، ئوتتۇرا ۋە چوڭ دەرەخلەر يىلىغا 3 — 4 قېتىم سۇغىرىلسا بولىدۇ. كۆمۈكتىن ئېچىشتىن چېچەكلەشكىچە بولغان مەزگىلدە بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش ئانارنىڭ كۆپ مېۋە بېرىشىگە پايدىلىق. ئانارنى 7 - ، 8 - ئايلاردىكى مېۋىسى يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە كۆپرەك سۇغىرىش، مېۋىسى پىشىش ئالدىدا تۇرغاندا بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك. ئەگەر بۇ مەزگىلدە كۆپ سۇغىرىلىدىغان بولسا بىر تەرەپتىن مېۋىسىنىڭ پوستى يېرىلىپ كېتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مېۋىسىدە ۋدرۇس كېسەللىكى يۈز بېرىپ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ۋە تەمىگە چوڭ تەسىر يېتىدۇ.

ئوغۇتلاش. ئوغۇتلاش تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چوڭ دەرەخلەرنىڭ كۆپلەپ مېۋە بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرغان ئانار دەرىخىنىڭ تۇپراق تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارى يىلدىن-

يىلغا ئىشىپ باردۇ . كۆچەتلەر بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەپ تىكىلگەندە تۇپراق شارائىتىغا ئاسانلىقچە ماسلىشالماي ، خېلى ئۇزاققىچە تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ . بۇنداق بولۇشى ھاۋا كىلىماتىغا باغلىق بولغاندىن تاشقىرى ، تۇپراق تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ يېتەرلىك بولغان - بولمىغانلىقىغىمۇ باغلىق .

ئانار دەرىخى كۆپ ھاللاردا قۇملۇق تۇپراقلارغا تىكىلىدۇ . بۇنداق تۇپراقنىڭ سۇ ۋە ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق تۇپراقلارنى ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئاساس قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردا خىمىيىلىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىم .

ئوغۇتلاش ئۇسۇلى . ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ئانار دەرىخىنىڭ ياش - قېرىلىق ئەھۋالىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەرگە تۇنجى يىلى ئوغۇت بېرىلمەيدۇ . ئۆسۈۋاتقان ئەمما مېۋە بەرمىگەن ياش كۆچەتلەرگە ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيىلىك ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ . مېۋە بەرگەن ياش ، ئوتتۇرا ياش ۋە قېرى ئانار دەرەخلىرىگە ئورگانىك ئوغۇتلاردىن ئېغىل قىغى ، چىرىندە ئوغۇت ، ئۆي قۇشلىرىنىڭ ماياقلىرى ، كۈنجۈرە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، خىمىيىلىك ئوغۇتلاردىن فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلار ئاز مىقداردا بېرىلىدۇ . ئازوتلۇق ئوغۇت بېرىشكە بولمايدۇ .

ئوغۇتلاشتا دەرەخ غولىدىن 50—70 سانتىمېتىر نېرى جايدىن كەڭلىكى 30—50 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى

40 سانتىمېتىر ياي شەكىلدە ئورەك ئېلىپ ئوغۇتنى تۆكۈپ ، ئۈستىنى توپا ياكى قۇم بىلەن كۆمۈش، ئوغۇت بېرىلگەندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم . ئەگەر سىغىز چۈشۈپ يەر قېتىپ كەتكەن بولسا ، سىغىزنى ئېلىۋېتىپ ، ئوغۇت بىلەن قۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمۈش كېرەك .

ئوغۇتلاش مىقدارى . مېۋىگە كىرمىگەن ياش كۆچەتلەرگە ھەر قېتىمدا ئېغىل قىغىدىن ئون كىلوگرام ، ئاممونىي نېيتراتتىن 50 گرام ياكى ئورېئادىن 30 گرام، سۇپېرفوسفات ياكى كالىي خلورىدتىن 50—100 گرام، مېۋىگە كىرگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەرەخلەرگە ئورگانىك ئوغۇتتىن 15—20 كىلوگرام، كالىيلىق ياكى فوسفورلۇق ئوغۇتتىن 100—200 گرام بېرىلسە بولىدۇ .

ئوغۇتلاش مەزگىلى. ھەر يىلى ئانارنى كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن چېچەكلەش مەزگىلىگىچە بىر قېتىم ، مېۋىسى يېتىلىۋاتقان 7 - ئايلاردا بىر قېتىم ئوغۇتلاش لازىم . ئەگەر دەرەخ كۆككە زورلاپ كەتسە ئوغۇتلاشنى قەتئىي توختىتىش ، سۇغىرىشنى ئازايتىش لازىم .

## 5 . مېۋىگە كىرىشىنى تېزلىتىش

بەزى جايلاردا ئانار كۆچەتلىرى 7—8 يىلدىمۇ مېۋىگە كىرمەيدۇ، بەزى جايلاردا بولسا 4—5 يىلدىلا مېۋىگە كىرىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك. بىرىنچى، كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن

ئورۇنىنىڭ تۇپراق، سۇ، كىلىمات قاتارلىق تەبىئىي شارائىتى بىلەن كۆچەت تىكىلگەن ئورۇنىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ماس كەلمىگەن. ئىككىنچى، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، چاتاش قاتارلىق پەرۋىشى مۇۋاپىق بولمىغان، ۋاقتى-قارايىدا بولمىغان. ئۈچىنچى، ئوغۇت تۈرى، ئوغۇتلاش مەزگىلى، ئوغۇتلاش ئۇسۇلى توغرا بولمىغان. ئانار كۆ-چەتلىرىنىڭ ھۆددىگە كىرىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تۆۋەن-دىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم:

## 1. مۇۋاپىق سۇغىرىش

ئانار دەرىخى سۇنى كۆپ خالىمايدىغان بولغاچقا، سۇغىرىش قېتىم سانىنى، مىقدارىنى چوقۇم قاتتىق تىز-گىنلەش، ئەگەر سۇ كۆپ كىرىپ كەتكەن بولسا يەرنى چاناپ نەملىكىنى قاچۇرۇپ، يىلتىزىدىكى ئىسسىقلىق ئۆتكۈ-زۈش، تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولىدىغان ئايلاردا كۆپ-رەك سۇغىرىش، ئادەتتىكى شارائىتتا ئاز سۇغىرىش، قۇم تۇپراق بولسا كۆپرەك سۇغىرىش، سېغىز تۇپراق بولسا ئاز سۇغىرىش لازىم.

## 2. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش

ئانارلىق باغنى ئوغۇتلاشتا چوقۇم ئوغۇتلاش مەزگى-لى، ئوغۇتلاش ئۇسۇلى، ئوغۇت مىقدارىنى تەلەپ بويىچە ئىگىلەش لازىم. خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قارىماي، قايسى كەلسە شۇنى بېرىشكە بولمايدۇ. كۆچەت مەزگىلىدە ئازوت تەركىبى كۆپ ئوغۇتلارنى بېرىشكە، فوس-فورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنىمۇ نورمىدىن ئارتۇق بېرىش

كە بولمايدۇ. ئورگاننىڭ ئوغۇتلىرىنى، بولۇپمۇ ئات - كالا قىغى، كۆنجۈرە ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ماياقلىرىنى كۆپرەك بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئوغۇتلاردا ئازوت، كالىي، فوسفور، كالتسىي قاتارلىق كۆپلىگەن ماددىلار بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭكىدىن ئاستا بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى چوڭ. بۇنداق ئوغۇت بېرىلگەن كۆچەتلەر بىھۇدە ئۆسۈپ كەتمەستىن، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەبىئىي هالدا ئۆسۈپ، بالدۇر مېۋىگە كىرىدۇ.

كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش ئارقىلىق يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يىلتىز سىستېمىسى قانچە تېز تەرەققىي قىلسا غولىنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ تېز بولىدۇ، شۇڭا كۆچەتلەرنى ھەر قېتىم سۇغارغاندىن كېيىن تۈۋىنى چاناپ يۇمشىتىپ، ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش كېرەك.

كۆچەتلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان شور، سېغىز قاتارلىق ناچار تۇپراقلارنى ئۆزگەرتىش لازىم. كۆچەتلەر تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇپراق تەركىبىدە شور، سېغىز پەيدا بولسا يا كۆچەتنى يۆتكەشكە، يا تۇپراقنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى شور، سېغىز تۇپراقتا كۆچەت ياخشى ئۆسمەيدۇ، بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل تۇپراقلارنى قۇم تۆكۈش، يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كۆنجۈرە، توخۇ - كەپتەر مايىقى بىلەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، كۆچەتلەرنىڭ

تېز ئۆسۈپ، بالدۇر مېۋىگە كىرىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش زۆرۈركى، ئانار كۆچەتلىرى كۆپ سۇغىرىش، خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن كۆپ ئوغۇتلاش نەتىجىسىدە كۆپ ھاللاردا بىھۇدە ئۆسۈپ كېتىدۇ - دە، قالايمىقان بىخ سۈرۈپ، بالدۇر مېۋىگە كىرىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوغۇت بېرىشنى توختىتىپ، سۇغىرىشنى ئازايتقاندىن باشقا، شاخ - پۇتاقلارنى چاتاپ، يۇمران بىخلارنى ئېلىۋېتىپ، ئۇچىنى كېسىپ ياندۇرۇش لازىم.

## 6. مېۋىگە كىرگەندىن كېيىنكى پەرۋىش

ئانار دەرىخى مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تېز بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە پەرۋىش ياخشى ئىشلەنسە مەھسۇلاتنى تەدرىجىي كۆپەيتكىلى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، يەككە تۈپلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باغنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئانار دەرىخى مېۋىگە كىرگەن تۇنجى يىلى ناھايىتى ئاز مەھسۇلات بەرسىمۇ، شۇ يىلدىكى پەرۋىش تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەنسە كېيىنكى يىللاردىن باشلاپ مەھسۇلاتى پەيدىنپەي كۆپىيىدۇ. بەزى يىللاردا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن كەمرەك مەھسۇلات بەرسە، يەنە بەزى

يىللىرى تەبىئىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە مول مەھسۇلات بېرىدۇ، ئەمما، پەقەت مەھسۇلات بەرمەيدىغان يىللىرى بولمايدۇ.

ئانار كۆچىتى تىكىلىپ 7—8 يىل جەريانىدا مېۋىگە كىرىشىنى تېزلىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان بولسا، مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەتكىچە يىلدىن يىلغا مول ھوسۇل بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پەرۋىشنى داۋاملىق تۆردە كۆچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

1. ئانار دەرىخى مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، غول-شاخلىرىمۇ تېز چوڭىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەرەخ تاجىسى كېڭىيىپ، تۆپىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇق كىچىكلەپ، باغنىڭ ئىچى بۆك-باراقسانلىقتا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە باغنىڭ ئىچىگە زىرائەت تېرىماسلىق، تېرىغاندىمۇ ئادەتتىكى كۆكتاتلارنى تېرىپ، ئاساسىي نۇقتىنى پەرۋىش قىلىشقا قويۇش كېرەك.

2. ھەر يىلى كۆمۈپ-ئېچىش جەريانىدا تۆپىنىڭ ئەتراپىغا توپا ئورناپ قالىدۇ، سۇغىرىش جەريانىدىمۇ سېغىز، لاي-لاتقىلار ئورناپ، تۆپىنىڭ ئەتراپى قېتىپ كېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا دەرەخ ياخشى ئۆسەلمەيدۇ، شۇڭا ھەر يىلى ئانارنى ئاچقاندا ئەتراپىدىكى توپىلارنى تەكشى تۈزلىۋېتىپ، تۆپ ئەتراپىنى 20—25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاناپ يۇمشىتىش لازىم. ئەگەر سېغىز، لاي-لاتقىلار ئورناپ قالغان بولسا ئېلىۋېتىپ، يۇمشاق قۇم-

تويا تۆكۈپ، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

3. ئورەك، ئۆلچەمسىز قىر، ئېگىز - پەس يەرلەرنى ئېتىز ۋە ئۇچاستىكىلار بويىچە تۈزلەپ، سۇغىرىش، ئوغۇت-لاش، ئاغدۇرۇش قاتارلىق پەرۋىش خاراكتېرلىك مەش-غۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق يارىتىش لازىم.

4. ئوغۇتلاشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئوغۇتلاشتا، خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىپ ئوغۇتلاشنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۆپەيتىش كېرەك. ئادەتتە ئانار دەرىخى نورمال مېۋە بېرىۋاتقان ئەھۋالدا خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىلمىسىمۇ بولىدۇ.

5. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىيانداشلىق كۆرۈلگەن ھامان كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش لازىم.

# VII ئانارنى ئۈزۈش ۋە ساقلاش

## 1. ئۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش

ئانارنى ئۈزۈشتىن بۇرۇن، تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلىنىشى، ئۈزۈش مەزگىلى توغرا ئىگىلىنىشى لازىم. بۇندىن ئىلگىرى بەزى جايلاردا بۇ جەھەتتە بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلدى. مەسىلەن، ئانار ئۈزۈش مەزگىلىنى ئوبدان ئىگىلىمەي، بالدۇر ياكى كېيىن ئۈزۈپ قويۇش، ئۈزۈش ئۇسۇلى قوپال بولۇش، قاچىلاش. توشۇش سايمانلىرى كەمچىل بولۇش، سورتلار بويىچە ئۈزمەسلىك ۋە باشقىلار. بۇنىڭ بىلەن ئانار كۆپلەپ سېسىپ ئىسراپ بولۇپ كەتتى. بۇنداق ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مول ھوسۇلنى مول پېتى يىغىۋېلىش. كىرىمنى ئاشۇرۇپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئانار ئۈزۈشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكىچە تەييارلىق قىلىش لازىم:

1. ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈزۈش، دەرىجىگە ئايرىش، قاچىلاش، توشۇش قاتارلىق ھەر بىر مەشغۇلات تۈرىگە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەش لازىم.

2. ئۆزۈش، قاچىلاش، توشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان شوتا، ئورۇندۇق، ئىلمەك، چوڭ ـ كىچىك سېۋەت، قەغەز يەشىك قاتارلىق سايمانلارنى ئالدىن تەييارلاش لازىم. ئۈزۈلگەن ئانار مەيلى ۋاقتىنچە باغدا ساقلانسۇن ياكى شۇ كۈنى يۆتكەپ كېتىلسۇن، ھامان ئۈزۈش، قاچىلاش سايمانلىرى، ھارۋا، تراكتور، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرى بولۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېتەرلىك سايمانلارنى ئالدىن تولۇق تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۈزۈشنى باشلاش لازىم.

3. ساقلاش ئورنىغا يۆتكەش جەريانىدا زەخىملىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئانار پۇختا قاچىلىنىشى، ھارۋا ـ تراكتورلار ئاستا ۋە سىلىق ھەيدىلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئېرىق، قىر ۋە ئېگىز ـ پەس جايلارنى تۈزلەپ يوللار ئالدىن راۋانلاشتۇرۇپ قويۇلۇشى لازىم.

4. ئۈزۈلگەن ئانارنى ۋاقىتلىق ساقلاش ئۈچۈن، كۈن نۇرى كۆچلۈك چۈشمەيدىغان، سالقىن، قۇرۇق، پاكىز ئورۇن تەييارلاش، قىشلىق ئامبارنى پاكىز تازىلاش بىلەن بىرگە دېزىنفېكسىيە قىلىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش، رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك بولسا رېمونت قىلىش كېرەك.

## 2. ئۈزۈش مەزگىلى ۋە ئۈزۈش ئۇسۇلى

جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئانار سورتلىرى

نىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئانارنىڭ پىشىش مەزگىلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قۇرغاق تۇپراق بىلەن نەم تۇپراق، كىلىماتى ئىسسىق رايون بىلەن سوغۇق رايون ئوتتۇرىسىدا ئانارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە كۆپ پەرق بولىدۇ. ئانار پىشقانلىرىنى ئۈزۈپ، توڭلىرىنى قالدۇرۇپ قويىدىغان مېۋە بولمىغانلىقتىن، سورتلار بويىچە پىشىپ يېتىلگەندە بىراقلا ئۈزۈپ يىغىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى بەك بالدۇر ئۈزۈۋەتمەستىن تولۇق پىشقاندا بىراقلا ئۈزۈپ يىغىۋېلىش كېرەك. ئەگەر بەك بالدۇر ئۈزۈۋېتىلسە رەڭگى، تەمى ناچار بولۇپلا قالماستىن. ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە شىپالىق رولىمۇ ناچار بولۇپ قالىدۇ، مۇمكىن قەدەر كېيىنرەك ئۈزۈۋېلىنسا رەڭگى كۆركەم، تەمى تاتلىق، دېنى تولۇق بولىدۇ.

ئانارنى ئۈزۈشتە سورتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئۈزۈش، ھەر بىر تۈپ بويىچە ئالدى بىلەن پەس ئۆسكەن يان شاختىكىلىرىنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قول يەتمەيدىغان چوققا شاختىكىلىرىنى ئىلمەك بىلەن شاخنى ئېگىپ تۇرۇپ ئۈزۈش، ئەگەر بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا مەخسۇس شوتىغا چىقىپ تۇرۇپ قول بىلەن ئېگىپ ئۈزۈش كېرەك. تاياق بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈشكە، شاخ - پۇتاقلارنى سۇندۇرۇپ ئۈزۈشكە بولمايدۇ. بىر - بىرى بىلەن سوقۇلۇپ زەخىملىنىشتىن ياكى يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر - بىرلەپ ئۈزۈش، بىر - بىرلەپ قويۇش لازىم. يۆتكەش، ساقلاشقا قولايلىق بولۇش، كۆركەملىكىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش

ئۈچۈن، ھۆل - يېغىن بولغان كۈنلىرى، شەبنەم چۈشۈ-
ۋاتقان مەزگىلدە ئۈزمەسلىك لازىم.

## 3. ساقلاش

ئانارنى ساقلاش ئانار ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھالقى-
لىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئانارنى ئۈزۈپ بولغاندىن
كېيىنلا ئامبارغا ئەپكىرمەستىن، ئالدى بىلەن 10—12 كۈن
سىرتتا قويۇپ، شامالداپ پوستى بىر ئاز قۇرۇغاندىن
كېيىن ئاندىن ئامبارغا ئەكىرىش لازىم. ئەگەر ئۇنداق
قىلماي، ئۈزگەن پېتى ئامبارغا ئەپكىرىلىدىغان بولسا،
پوستىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ تەسىرىدىن ئامباردا ئوكايلا
مەگدىشىپ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە تەسىر يېتىدۇ، ئاسان
بۇزۇلىدۇ - دە، ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدۇ ھەتتا پوستى
يۇمشاپ، دېنى كۆكىرىپ كېتىدۇ. بۇنداق زىيانىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئانارنى ئۈزگەندىن كېيىن كۈن
نۇرى كۆچلۈك چۈشمەيدىغان قۇرۇق يەرگە بىر - بىرلەپ
تىزىپ قويۇپ، پوستى قۇرۇغاندا ئاندىن ئامبارغا ئەپكى-
رىپ ساقلاش لازىم.

ئانارنى سىرتتا ۋاقىتلىق ساقلاشتا، كەلسە - كەل-
مەس دۆۋىلەپ قويماي، سورتلار بويىچە سېۋەتتىن بىر -
بىرلەپ ئېلىپ ئاۋايلاپ قويۇش، 6—7 كۈندىن كېيىن
بىر قېتىم ئۆرۈپ، پوستىنىڭ تەكشى قۇرۇشىغا ئىمكانى-
يەت يارىتىش كېرەك. ئانارنى كۈن نۇرى كۈچلۈك چۈشمە-
دىغان يەردە قويۇشتا، ئاستىغا ئوت - چۆپ سېلىشقا،

ئۈستىنى يېپىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا ئانار-
نىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئانارنى
شاماللىتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ،
زەخىملەنگەنلىرىنى تاللاپ ئېلىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
دانىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۈچ دەرى-
جىگە ئايرىش ۋە ئايرىم - ئايرىم ساقلاش، شاللىۋېتىلگەن-
لىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك. ئانار
شاماللىتىلسا پوستى قاتىدۇ، ھەجمى كىچىكلەيدۇ، ئېغىر-
لىقى كېمىيىدۇ، رەڭگى سەل ئۆڭىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ سۈپى-
تىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيلا قالماستىن، بەلكى
ئۇزاق ساقلاشقا پايدىلىق.

ئانارنى ئامبارغا ئەپكىرىشتىن ئىلگىرى، ئامبارنى
تەكشۈرۈپ، يوچۇق بولسا ئېتىش، چاشقان ۋە باشقا
زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ زىيان سېلىش ئېھتىمالى
بولسا گۈڭگۈرت يېقى بىلەن ئىسلاپ دېزىنفېكسىيە
قىلىش، چاشقاننى يوقىتىش كېرەك. ئامبارنىڭ تېگى
قۇرۇق، پاكىز بولۇشى، ئاستىغا بورا سېلىنغان بولۇشى
لازىم. ئانار 11 - ئاينىڭ 15—20 - كۈنلىرى ئامبارغا
كىرگۈزۈلسە بولىدۇ. ساقلاش داۋامىدا ھەر ئايدا 1—2
قېتىم، 2 - ، 3 - ، 4 - ئايلاردا 2—3 قېتىم تەكشۈرۈپ،
بۇزۇلغانلىرىنى ئىلغاپ ئېلىۋېتىش كېرەك.

ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك.
ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1—2 سېلسىيە گرادۇستىن
ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر ئېشىپ كەتسە ئانار
كۆكىرىپ ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تۆۋەن بولغاندا

سىلسىيە نۆل گرادۇستىن تۆۋەن بولماسلىق لازىم. ئەگەر تۆۋەن بولۇپ قالسا ئانار مۇزلايدۇ - دە، ئەتىياز كېلىپ تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئەتىياز پەسلىدە ھاۋا ئىسسىپ، ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى 5—6 سىلسىيە گرادۇسقا يېتىپ قالسا ھەر كۈنى ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ، 1—2 سائەت ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىم. تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆل سىلسىيە گرادۇستىن چۈشۈپ كەتسە، دەرھال كىگىز، بېرزىنت قاتارلىقلار بىلەن ئانارنىڭ ئۈستىنى چۈمكەپ قوغداش كېرەك. ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق. ساقلاش ئۇسۇلى ياخشى بولسىلا ئانارنى 4 - ئاي ھەتتا 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزۇن پەيتى ساقلىغىلى بولىدۇ.

## 4. قاچىلاش ۋە يۆتكەش

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئانارلىرى ئۆز رايونىدا سېتىلغاندىن باشقا، ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش مەقسىتىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلمەكتە. بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىش. بىراق قاچىلاش، يۆتكەش ئۇسۇلى توغرا بولماي، ئانار بۇزۇلۇپ كېتىپ ئىقتىسادىي زىيان تارتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن، قاچىلاش، يۆتكەشتە قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم؟

1) ئۈزۈلگەن ئانارلارنى ئالدى بىلەن ئۆز ئورنىدا قۇرغۇزۇپ سالقىن جايدا 8 — 10 كۈن شامالدىتقاندىن كېيىن ئاندىن يۆتكەش لازىم.

2) ماشىنا، سېۋەت، قەغەز ياكى ياغاچ يەشىكلەرنىڭ ئاستىغا بىر قەۋەت سامان ياكى ياغاچ كېپىكى سېلىپ، ئانارنى رەتلىك تىزىش، يۆتكەش داۋامىدا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئانارنىڭ ئارىلىقلىرىغىمۇ سامان ياكى ياغاچ كېپىكى سېلىش، ھەرگىز يېرىم قاچىلىماسلىق، قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن سېۋەت، يەشىكنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىش لازىم. ناۋادا ھاۋا سوغۇق، تېمپېراتۇرا نۆل سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولىدىغان 12 - ، 1 - ئايلاردا يۆتكەشكە توغرا كەلسە، ئۈستىنى كىگىز، بېرزىنت قاتارلىق ئىسسىقلىقنى ساقلايدىغان نەرسىلەر بىلەن ھىم يېپىپ، توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3) ئانار بېسىلغان ماشىنا - تىراكتورلارغا ئادەم چىقىشقا، باشقا يۈك بېسىشقا بولمايدۇ.

4) كۆتكەن مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن ئانارنى ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، زېدە ۋە زەخىملەنگەنلىرىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لازىم.

# VIII ئانار دەرىخىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش

ئانار دەرىخى مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە سوغۇققا چىدامسىز دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر كۆمۈلمەيدىغان، ياكى كۆمۈش مەزگىلى ياخشى ئىگىلەنمەيدىغان بولسا ئانار دەرىخى سوغۇقتىن ئۈششۈپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالىدۇ.

## 1. كۆمۈش مەزگىلى ۋە كۆمۈش ئۇسۇلى

ئانار دەرىخى جەنۇبىي شىنجاڭدا 11-ئاينىڭ 20-كۈنلىرىدىن 12-ئاينىڭ 10-كۈنلىرىگىچە، ئىلى رايونىدا 11-ئاينىڭ 25-كۈنلىرىدىن 11-ئاينىڭ 30-كۈنلىرىگىچە بولغان مەزگىلدە كۆمۈلىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىل ئوبدان ئىگىلەنمەي، بالدۇر كۆمۈلۈپ قالسا، يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن شاخلىرى تولۇق ياغاچلىشىپ بولالمىغانلىقتىن ئىسسىقتىن سېسىپ كېتىدۇ. ئەگەر كۆمۈش مەزگىلى كېچىكىپ كەتسە، يەر توڭلاپ كېتىپ كۆمۈشكە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، كۆمۈش مەزگىلىنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم.

ئانارنى كۆمۈشتىن 20—25 كۈن ئىلگىرى باغقا بىر قېتىم سۇ قۇيۇش لازىم، بۇ، بىر تەرەپتىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۇغىرىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆمۈشكە پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا،كۆمۈشتىن ئىلگىرى ئاچا - دېيەكلەرنى ئېلىۋېتىش، قۇرۇپ كەتكەن، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىققا ئۇچرىغان، زەخىملەنگەن شاخلارنى ۋە مېۋىسىز شاخلارنى كېسىپ ئېلىۋېتىش لازىم. ئەگەر قېرى تۈپلەرنىڭ غول ياكى ئاساسىي شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ تۈۋىدىن كېسىپ ئېلىۋېتىش كېرەك.

كۆمۈش ئۇسۇلى:

1 ) ئانار دەرىخىنى كۆمۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى باستۇرۇش كېرەك. لېكىن ئانار كۆپ شاخلايدىغان، تىكەنلىك دەرەخ بولغاچقا، ئۇنى قول بىلەن باستۇرۇش ئەپسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ياغاچ، شال ياكى شوتا قويۇپ، ئىككى تەرىپىدىن بىردىن ئىككى ئادەم بېسىپ تۇرۇش (ئەگەر دەرەخنىڭ غولى چوڭ بولىدىغان بولسا تۆت ئادەم بېسىپ تۇرۇش)، كۆمگەندە ئالدى بىلەن ئۈچى تەرەپتىن كۆمۈش، كۆتۈرۈلۈۋالمىغۇدەك كۆمۈلگەندىن كېيىن ياغاچ - شوتىلارنى ئېلىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، كەتمەن بىلەن چىڭداپ قويۇش لازىم.

2 ) ئانار يورۇقپەرەس دەرەخ بولغاچقا، جەنۇب تەرەپكە ياتقۇزۇپ كۆمۈش لازىم.

3 ) ئانار دەرىخىنى بەك نەم توپا بىلەن ياكى

قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈشكە بولمايدۇ. بەك نەم توپا بىلەن كۆمۈلسە شاخلىرى قاردىداپ ئۇگاي سىسىپ كېتىدۇ ياكى ئەتىيازدا كۆمۈكتىن ئاچقاندا شامال تېگىشى بىلەنلا تېز قۇرۇپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا ھەتتا غول ۋە ئاساسىي شاخلىرىدىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگۈچە قۇرۇپ كېتىدۇ. ئەگەر قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈلسە دەرەخ تېنىدىكى سۇنى قۇرۇق توپا سۈمۈرۈۋالىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن دەرەخ سۈسىزلىنىپ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، مادداﺋالماشتۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، نەتىجىدە ئەتىيازدا كۆمۈكتىن ئاچقاندا ئاسانلا قۇرۇپ قالىدۇ ياكى مېۋە بېرىشكە تەسىر يېتىدۇ.

4) دەسلەپتە نېپىزرەك كۆمۈش، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، 12 - ياكى 1 - ئايلارغا بارغاندا ئۈستىگە توپا تاشلاپ قېلىنراق كۆمۈش، 2 - ئاينىڭ ئاخىرى، 3 - ئاي مەزگىللىرىدە كۆمۈلگەن توپىنىڭ بىر قىسمىنى سىيرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتۇرۇش لازىم. بۇ گەرچە جاپالىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئانار دەرىخىنى قىشتىن ساغلام چىقىرىشقا پايدىلىق.

5) كۆمۈلگەندىن كېيىنكى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ دەسسەپ توپىنى چۈشۈرۈۋېتىشىدىن ۋە شاخلارنى زەخىملەندۈرۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا، ئېچىلىپ قالغان شاخلارنى ۋاقتىدا كۆمۈپ، ئۈششۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

6) كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن سۇ قويۇشتىن ياكى تاسادىپىي سۇ كىرىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. چۈنكى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن سۇ قويۇلسا دەرەخلەر ئۈششۈپ كېتىدۇ ياكى شاخلىرى ئېچىپ قارىداپ كېرەك-تىن چىقىدۇ. ئەگەر تاسادىپىي سۇ كىرىپ قالغان بولسا ۋاقتىدا ئېچىپ، سىرتتىن توپا يۆتكەپ كېلىپ قايتا كۆمۈش لازىم.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىشتىن ئۆتەلمەي. ئەتىيازدا كۆكلىمىگەن تۈپلەرنى ئالدىراپ كېسىۋەتمەي، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كۈتۈش لازىم. بۇ مەزگىلگىچە كۆكلىمىسە تۈۋىدىن كېسىۋەتسە يىلتىزدىن كۆكلەپ چىقىدۇ.

## 2. ئېچىش مەزگىلى ۋە ئېچىش ئۇسۇلى

ئانار دەرىخىنى ئېچىش مەزگىلى شۇ جاينىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئېچىش مەزگىلىنى ئىگىلەش خۇددى كۆمۈش مەزگىلىنى ئىگىلىگەنگە ئوخ-شاشلا مۇھىم بولۇپ، دەرەخنىڭ ھاياتى بىلەن مەھسۇلا-تىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا ئېچىش مەزگىلىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. ئەگەر مۇددەتتىن بالدۇر ئېچىپ قويۇلسا دەرەخنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇچ شاخلىرى ئەتىياز پەسلىدىكى سوغۇق شامالنىڭ تەسىرىدە ئوڭايلا ئۈششۈپ كېتىدۇ، ئەگەر كېيىن ئېچىپ قويۇلسا مېۋە شاخلىرىنىڭ بىخ چىقىرىشى كېچىكىپ قالىدۇ - دە، شۇ يىللىق مەھ-سۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەك بالدۇرمۇ

ئاچماي، بەك كېيىنمۇ ئاچماي، مۇۋاپىق مەزگىلدە ئېچىش كېرەك.

كۆپ يىللىق تۈپلەر باشقا دەرەخلەر بىخ سۈرۈشكە باشلىغاندا، يەنى 3 - ئاينىڭ 20 — 30 - كۈنلىرى ئېچىلسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، بوران چىقىش ياكى هۆل - يېغىن بولۇش ئېھتىمالى بولسا، تېمپېراتۇرا مۇقىملىشىپ هاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئېچىش، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرىدىن بۇرۇن ئېچىپ بولۇش كېرەك.

ئالدىنقى يىلى كۈزدە ياكى شۇ يىلى ئەتىيازدا تىكىلگەنلىرى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى مېۋىگە كىرگەن ياكى كىرمىگەن بولسۇن، بىردەك 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنلىرىدىن كېيىن ئېچىلسا بولىدۇ. هاۋا كىلىماتى سوغۇق، هۆل - يېغىن كۆپ بولىدىغان، ئەتىياز كېچىكىپ كېلىدىغان رايونلاردا بۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك، قۇرغاق رايونلاردا بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئېچىلسىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، شۇ جاينىڭ هاۋا تېمپېراتۇرىسىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، كۆپ يىللىق تۈپلەر هاۋا تېمپېراتۇرىسى 12—15 سېلسىيە گرادۇس بولغاندا، يېڭىدىن تىكىلگەن تۈپلەر 18—19 سېلسىيە گرادۇس بولغاندا ئېچىلسا مۇۋاپىق مەزگىلدە ئېچىلغان بولىدۇ.

ئانار دەرىخىنى ئاچقاندا ئېھتىياتچان بولۇش، ئېچىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، شاخ - پۇتاقلارنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. كۆپ يىللىق تۈپلەرنى ئېچىش ۋاقتىدا توپىسىنى ئاستا سىيرىپ

چۈشۈرۈپ، بىر قېتىمدىلا ئېچىش كېرەك. يېڭىدىن تىكىلگەن تۆپلەرنى ئېچىش ۋاقتىدا تاشقى مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىر قەۋەت توپىسىنى كەتمەن بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنلىرىدىن كېيىن كۈن نۇرى ئاجىز، ھاۋا سالقىن چاغلاردا ئېچىش لازىم.

ئېچىش كۆمۈشكە قارىغاندا مۇرەككەپ بولۇپ، قول بىلەن ئېچىش ئەپسىز بولغانلىقتىن، كەتمەن، گۈرجەك قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرى بىلەن ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شاخلارنىڭ كېسىلىپ كېتىشى ياكى زەخىملىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەتمەننى يېنىك سېلىش. ئالدى بىلەن يان تەرەپلىرىدىكى توپىلارنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئوتتۇرىسىدىكى توپىلارنى سىيرىپ چۈشۈرۈش كېرەك. شاخلارنىڭ ئارىلىرىدا تۇرۇپ قالغان چالما - توپىلارنى چۈشۈرىمەن دەپ كەتمەن بىلەن شاخلارنى ئۇرۇپ يۈرمەي، شاخلارنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ سىلكىپ چۈشۈرۈش لازىم. توپا پۈتۈنلەي چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئانارنى كۆمگەن ۋاقىتتا كولىنىپ كەتكەن ئازگاللارنى تىندۇرۇپ بولۇپ، ئاشقان توپىلارنى تەكشى تۈزلىۋېتىش لازىم. قۇرۇپ كەتكەن، زەخىملەنگەن، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىغان شاخلارنى، كۆمۈش ۋاقتىدا قىرقىلماي قالغان ھارام شاخلارنى كۆمۈكتىن ئېچىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كېسىۋېتىش كېرەك. بۇ چاغدا كېسىلمەي دەرەخ يوپۇرماق چىقارغان ياكى چېچەكلىگەن مەزگىلدە كېسىلىدىغان بولسا، سىلكىنىش تۆپەيلى

نۇرغۇن مېۋە چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەندىن باشقا، كېسىلگەن شاخلارنى تارتىپ چىقىرىش جەريانىدىمۇ نۇرغۇن مېۋە چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپ، شۇ يىللىق مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ.

## 3. تىرەك قويۇش

ئانار دەرىخى سوغۇققا چىدامسىز بولۇپ، ھەر يىلى كەچ كۈزدە كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، يىل بويى كۆمۈلگەن تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. مېۋىگە كىرگەن ئانار دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى كۆپ ۋە ئىنچىكە، مېۋىسى چوڭ بولغانلىقتىن، كۈن نۇرىنىڭ تەكشى چۈشۈشىگە، ھاۋانىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىغا، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، مېۋە شاخلىرىنى ئاسراش، مېۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، پەرۋىش قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن غول شاخلىرىغا ھەر يىلى تىرەك قويۇلىدۇ. تىرەك قويۇشنى ئەتىياز پەسلىدە شاخ - يوپۇرماقلارنى چاتاش مەشغۇلاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، يەنى، ئانار دەرىخى يوپۇرماق چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىش لازىم. چۈنكى بۇ مەزگىلدە تىرەك قويۇش ئاسان، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، شۇنداقلا غول، شاخلارنىڭ زەخىملىنىشىدىن، مېۋە چېچەكلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تىرەك قويۇشتا ئادەتتە غول ۋە ئاساسىي شاخلارنىڭ ھەممىسىگە بىر-

بىر لەپ ئاچا قويۇش، 1—2 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنى توغرىسىغا قويۇپ، ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئاچا قويۇش. قوشۇمچە شاخلارنى غول ياكى ئاساسىي شاخلارغا تانا بىلەن ئېسىپ قويۇشتىن ئىبارەت بىر قانچە خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ئىچىدە 1—2 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنى توغرىسىغا قويۇپ، ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئاچا قويۇش ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، ئەمگەك كۈچى ۋە ماتېرىيالنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

تىرەك قويۇشتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

1. تىرەك قويغاندا غول، شاخلارنى زەخىملەندۈرۈش ھەتتا سۇندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

2. ئەنئەنىۋى ئادەتنى تۈگىتىش لازىم. تارىختىن بۇيان كىشىلەر ئەتىياز پەسلىدىكى ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىنى، ئەمگەك كۈچى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئانار چېچەكلىگەندە ھەتتا مېۋىگە كىرگەندە تىرەك قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان. بىلىش كېرەككى، بۇ مەزگىلدە تىرەك قويۇلىدىغان بولسا، چېچەك تۆكۈلۈپ كېتىپ مەھسۇلات كەملەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئادەتنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئىلمىي ئىش كۆرۈش لازىم.

3. تىرەكنى پىلانلىق، مۇستەھكەم قويۇش، يۆتكەپ ياكى تەكرارلاپ يۆرۈشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قويۇلغان تىرەك رولىنى يوقاتقان بولسا، چېچەك، مېۋىلەرنى ئاسراش ئاساسىدا

يۆتكەش ياكى ئالماشتۇرۇش لازىم.

4. ئانارنى كۆمۈش مەزگىلىدە تىرەكلەرنى بىر - بىرلەپ يىغىپ، مەخسۇس جايدا مەركەزلەشتۈرۈپ ساقلاش، كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئىشلىتىپ كەتمەسلىك لازىم.

# IX كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

مېۋىلىك دەرەخلەردە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش باغۋەنچىلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، پائال يوقىتىش» تىن ئىبارەت فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە ئىقتىسادىي زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىدە تىزگىنلەش لازىم. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندا، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، بالدۇر يوقىتىش، دەل پەيتىدە يوقىتىش، ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش كېرەك.

## 1. كېسەللىك زىيانداشلىقى

باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش، ئانار دەرىخىمۇ ھەر خىل كېسەللىك زىيانداشلىقىغا ئۇچرايدۇ.

گەرچە ئانار دەرىخىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك زىيانداشلىقى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەردىكىدەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم دائىرىدە تارقىلىپ بىر قىسىم كۆچەت ياكى دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. زىيان سېلىشى يېنىك بولغاندا يوپۇرمىقى سارغىيىپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا دەرەخ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالىدۇ.

كېسەللىك تۈرلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزى ئالامەتلىرىنى غول، يوپۇرماق، چېچەك، مېۋىلىرىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، بەزىلىرىنى بولسا ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. تۆۋەندە ئانار دەرىخىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**1. يىلتىز چىرىش ۋە يىلتىز پورلىشىش كېسەللىكى**

يىلتىز چىرىش كېسەللىكى كۆپرەك ياش تۈپلەردە، يىلتىز پورلىشىش كېسەللىكى كۆپرەك چوڭ تۈپلەردە كۆرۈلىدۇ. كېسەل تەگكەن تۈپلەر ئۆسۈشتىن توختايدۇ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىدۇ، مېۋە چېچەكلىرى سولىشىدۇ، مېۋىلەر يوغىنىيالمايدۇ ياكى يېگىلەپ كېتىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا غول ۋە ئاساسىي شاخلىرى قۇرۇپ، دەرەخنىڭ ئۆمرى قىسقىرايدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى

ياش تۈپلەرنىڭ يىلتىزى قوڭۇر ياكى قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، غولى تىك تۇرۇپ سولىشىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. يىلتىزىنى كولاپ

كۆرگەندىسېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يىلتىزنى قول بىلەن يېنىك سىيرىغاندا يىلتىزنىڭ قوۋزىقى سىيرىلىپ چىقىدۇ ھەمدە قولغا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چاپلىشىۋالىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا ئالدى ئېلىنمىسا، كېسەللىك باشقا تۆپلەرگىمۇ تېز تاراپ، ئۇلارمۇ نابۇت بولىدۇ. يىلتىز پورلىشىش كېسەللىكى چوڭ تۆپلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. كېسەل تەگكەن تۆپلەرنىڭ يان يىلتىزى ياكى ئوق يىلتىزى پورلىشىپ كېتىدۇ، كېسەللىك ئەھۋالى يېنىك بولسا دەرەخ 4—5 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئېغىر بولسا 1—2 يىل ئىچىدىلا غول، شاخلىرى قۇرۇپ، پۈتۈنلەي نابۇت بولىدۇ.

### كېسەللىك سەۋەبى

يىلتىز چىرىش كېسەللىكىنى يىپ قۇرت ياكى يىلتىز تاياقسىمان باكتېرىيىسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل قۇرت ياكى باكتېرىيىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ زىيان سېلىش ھالىتىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. يىپ قۇرت ۋە يىلتىز باكتېرىيىسى قىشتا تۇپراق كېسەل يىلتىزدا قىشلاپ، 2 - يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا كۆچەتلەرگە ئېغىر زىيان سالىدۇ. كۆپ ھاللاردا يامغۇر ياكى سۇ ئارقىلىق تاراپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

يىلتىز پورلىشىش كېسەللىكىنى ماي قوڭغۇزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، تۇپراق شارائىتىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ئالدىنى ئېلىش

1. ھۆل - يېغىننىڭ كۆپ بولۇشى ۋە زىيادە كۆپ

سۈغىرىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈغىرىشنى مۇۋاپىق تىزگىنلەش لازىم.

2. ئوبدان چىرىمىگەن قىغ ۋە دۆملىمە ئوغۇت ماي قوڭغۇزىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى شارائىتلارنىڭ بىرى. ماي قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى قىغ ۋە دۆملىمە ئوغۇت ئارىسىدا، يۇمشاق توپا قاتلىمىدا، نەم يەرلەردە قىشلاپ، ئەتىيازدا ئانار دەرىخىنىڭ يىلتىز قىسمىغا توپلىشىپ، يىلتىزنىڭ قوۋزىقىنى غاجىلاپ، يىلتىزنى پورلاشتۇرىدۇ ھەتتا يىلتىزنى كولاپ كىرىپ، ئۇۋا تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئانار دەرىخىنى ئوبدان چىرىمىگەن قىغ، دۆملىمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىماي، ئات، كالا، قوي قىغى ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقى بىلەن ئوغۇتلاش، تۇپراق تەركىبىدىكى كالتسىي مىقدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يوقىتىش

1) يىلتىز چىرىتكۈچى يىپ قۇرت پەيدا بولغان يەردە كۆچەت يېتىشتۈرمەسلىك.

2) چاناش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، تۈۋىنى يۇمشىتىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، كېسەللىكنىڭ تارقىلىش مەنبەسىنى تۈگىتىش، سۇغىرىشنى ئازايتىپ، سۇ ئارقىلىق يۇقۇشنى تىزگىنلەش.

3) كېسەل تەككەن تۈپنى تۇپرىقى بىلەن قېزىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاش، تۈپىسىنى ئالماشتۇرۇپ قايتا تىكىش.

4) يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق ماي قوڭغۇز-

نىڭ ياشاش شارائىتىنى بۇزۇپ تاشلاش.

5) دورا چېچىش، تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئارقىلىق، يىپ قۇرت، يىلتىزتا ياقىسمان باكتېرىيىسى، ماي قوڭغۇزى قاتارلىق زىيانداشلارنى ئۆلتۈرۈش لازىم.

2. مېۋىسى يېرىلىش كېسەللىكى

بۇ نىڭدا. كېسەل تەگكەن تۈپلەرنىڭ مېۋىسى ئوتتۇردىن يېرىلىپ كېتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا يېرىلىپ بىر قانچە پارچە بولۇپ كېتىدۇ. كۆپ ھاللاردا 8 - ئايدا ياكى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئانار ئۆستۈرۈلىدىغان ھەممە رايونلاردا بولىدۇ.

كېسەللىك ئالامەتلىرى.

پىشىشتىن ئىلگىرى يېرىلغانلىرىنىڭ دېنى كىچىك، رەڭگى ئاق ياكى سۇس قىزىل، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. يېرىلغان ئانار كۆز كىرگىچىمۇ پىشماي، ئۆز پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. پىشقاندىن كېيىن يېرىلغانلىرىنىڭ دېنى چوڭ، رەڭگى قىزىل، سۈيى كۆپ ئەمما تەمسىز بولىدۇ. بۇنداق ئانارلارنى ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدۇ.

كېسەللىك سەۋەبى

بۇ كېسەللىك تېمپېراتۇرا، يورۇقلۇق، تۇپراق قۇرۇقلىقى، تۇپراق تەركىبىدىكى ماددىلارنىڭ مىقدارى قاتارلىقلارنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، سۇغىرىش ۋە ئازۇقلۇق ئوغۇت بېرىلىشنىڭ ئۇيغۇنلاشمىغانلىقى كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كېسەللىكنى زىيانلىق مىكرو ئورگانىزملارمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش

1) ئاخىرقى پەرۋىشنى ياخشى ئىشلەپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئانار مېۋىسى پىشىش ئالدىدا تۇرغاندا ھەر خىل ئوغرۇتلار، بولۇپمۇ خىمىيىلىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشنى توختىتىش لازىم.

2) مېۋىسى پىشىپ يېتىلىش مەزگىلىدە قاندۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش، ئەگەر تۇپراق بەك قۇرۇپ كېتىپ چوقۇم سۇغىرىشقا توغرا كەلسە، تېيىز سۇغىرىش لازىم.

3) قۇر ئارىسىغا تېرىلغان زىرائەتلەرنى يۇلۇۋېتىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش، ياۋا شاخلارنى كېسىۋېتىپ، يورۇقلۇق چۈشۈش شارائىتىغا ئىگە قىلىش لازىم.

4) ئانار دەرىخىنىڭ مېۋىسى يېرىلىپ كېتىش كېسەللىكى سېغىز تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەن دەرەخلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ، تۇپراق تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەر يىلى مېۋىسى يېرىلىپ كېتىدىغان تۈپلەرنىڭ تۈۋىدىكى توپىنى كولاپ ئېلىۋېتىپ يېڭى توپا تۆكۈپ، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش لازىم.

5) دورا چېچىپ ئالدىنى ئېلىش، تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن، دەرەخ بىخ سۈرگەن مەزگىلدە1—2 بومېي گرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى، مېۋىسى ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە 0.3 — 0.5 بومېي گرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش كېرەك.

لېكىن چېچەكلەش ۋە مېۋە تۇتۇش مەزگىلىدە ھېچقاندا ق دورا ئىشلەتمەسلىك، تېمپېراتۇرا 32 سېلسىيە گرادۇس- تىن ئاشقان كۈنلەردە ھەر خىل دورىلارنى چاچماسلىق لازىم. ئادەتتە چېچەك ئېچىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم، مې- ۋە تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم گۈڭگۈرتلۈق دورى- لارنى چېچىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپ- كى مەزگىللەردە گۈڭگۈرت پاراشوكىنى چاچسىمۇ بولىدۇ. ياكى ئاق توزان كېسەللىكىنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى بول- غان 50 پىرسەنتلىك مېتىل توپسىننىڭ نەملىنىشچان پاراشوكىنى 800 ھەسسە، 50 پىرسەنتلىك باۋىستىن نەم- لىنىشچان پاراشوكىنى 1000 ھەسسە، 50 پىرسەنتلىك بېنومىل نەملىنىشچان پاراشوكىنى 1000 ھەسسە، 40 پىرسەنتلىك تۇزدت نەملىنىشچان پاراشوكىنى 600 ھەس- سە قىلىپ تەڭشەپ چاچسىمۇ ۋە ياكى 1: 2: 160 نىس- بەتتە تەڭشەلگەن بوردو سۇيۇقلۇقى بىلەن 50 پىرسەنت- لىك تۇزت نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 — 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چاچسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## 2. ھاشارات زىيانداشلىقى

ئانار دەرىخىگە زىيان سالىدىغان ھاشاراتلار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سالىدىغان زىيىنى ئې- غىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، پەيدا بولۇش ۋاقتى، ھەرىكەت قىلىش دائىرىسى، زىيان سېلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللى-

نىپ. ئۇلارنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئىشىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم.

1) ماي قوڭغۇزى

ماي قوڭغۇزى غىلاپلىق قاناتلىقلار ئەتىرىتى، ماي قوڭغۇزى ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل زىيانداش ھاشارات.

ماي قوڭغۇزى قاتتىق قاسىراقلىق قۇرت بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بوك قوڭغۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ لىچىنكىسى قىزىل باش قۇرت دەپ ئاتىلىدۇ. ماي قوڭغۇزى- نىڭ يېتىلگىنى دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى، لىچىنكىسى يىلتىزىنى يەيدۇ. ماي قوڭغۇزىنىڭ خىللىرى كۆپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭلىك بىرلا خىلى بار.

مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

يېتىلگەن قۇرتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 — 42 مىللىمېتىر، رەڭگى قوڭۇر بولىدۇ. بېشىنىڭ ئوتتۇردىسى ئويمان، ئالدى كۆكرىكىنىڭ تۆۋەن قىسمى سارغۇچ كېلىدۇ. ئوتتۇ- رىسىدا توغرىسىغا تومپىيىپ چىققان بىر سىزىق بولۇپ، قويۇق چېكىتلەر بولىدۇ. ئىككى يېنىدىكى غىلاپلىق قانىتى- نىڭ ھەر بىرىدە تۆتتىن سىزىقچە ۋە قانات پەردىسى بو- لىدۇ، قورساق ۋە دوۋسۇنىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان قات- تىق تۈكچىلەر بولىدۇ. پۇتىنىڭ بوغۇملىرى كۆپ بولۇپ، ھەر بىر بوغۇمىدا نۇرغۇنلىغان يىرىك تۈكچىلەر بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ بېشىدا بىر تال قاتتىق ئىلمەك مۈڭگۈزى بولى-

دۇ، ماي قوڭغۇزى تولاراق كەچ تەرەپتە ئۇچۇپ ھەرىكەتلىنىدۇ.

لىچىنكىسىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى 50 — 55 مىللىمېتىر بولۇپ، بېشى قىزىل، تېنى يۇمشاق، دۈمبىسىدە نۇرغۇن قورۇقۋە چېكىت بولىدۇ. قورساق ۋە دووسۇن قىسمىدا تۈكچىلەر بولىدۇ. باش قىسمىنىڭ سەل ئاستىدا ئىككى يانغا چىقىپ تۇرىدىغان ئۇچتىن ئالتە پۇتى بولىدۇ.

ياشاش شارائىتى

ماي قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى 30 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يۇمشاق تۇپراق قاتلىمىدا، ئېغىل - قوتانلار دىكى قىغنىڭ ئارىلىرىدا ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدا قىشلايدۇ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قورچاققا ئايلىنىپ قانات چىقىرىدۇ. يېتىلگەن قۇرتى 2 - يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا تۇپراق ئۈستىگە چىقىپ، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كەڭ تارقىلىپ زىيان سالىدۇ.

زىيان سېلىش ئەھۋالى

ماي قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە زىرائەت ۋە دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالىدۇ. ئۇ، كۆپىنچە 15 — 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق قاتلىمىدا ھەرىكەت قىلىپ، ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلۇقى زىيان سېلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ. تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە ئوت-چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئوبدان چىرىمىگەن قىغ بىلەن ئوغۇتلانغان كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز قىسمىدا قىشلاپ، يىلتىزىنى غاجاپ يەپ

ھايات كەچۈرىدۇ. كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، بىر دانە چىشى قۇرت 35 — 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇققا كىرىدۇ ۋە ئۇ-غۇت ئارىسىدا بىر قىشتا 9 — 20 تۇغۇم چىقىرىدىكەن، تۇخۇملاش مەزگىلى 24 — 30 كۈن بولىدىكەن، ئۇ ئانار دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى غاجىلاپ سۈيىنى سۈمۈرۈشنى ئىنتا-يىن ياخشى كۆرىدىكەن. 4 — 5 دانە ماي قوڭغۇزى لىچىن-كىسى 25 — 30 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بىر تۈپ ئانار دەرىخىنى يىلتىزىنى چىرىتىپ پورلاشتۇرۇش ئارق-لىق 3 — 4 يىلدا پۈتۈنلەي قۇرۇتۇپ تاشلايدىكەن.

ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

1) كۆچەت ۋە دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە تولۇق چىرىگەن قىغ قۇيۇش، بولۇپمۇ ئات، كالا، قوي - ئۆچكە قاتارلىق-لارنىڭ ساپ قىغى ۋە توخۇ - كەپتەر قاتارلىق ئۆي قۇش-لىرىنىڭ مايىقىنى ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئوبدان چىرىمىگەن قىغ، دۆملىمە ئوغۇت قاتارلىقلار بىلەن ئوغۇتلىنىدىغان بولسا دەرەخ-نىڭ يىلتىزىدا ئاسانلا ماي قوڭغۇزى لىچىنكىسى پەيدا بولىدۇ.

2) كۆچەت ۋە دەرەخ تۈۋىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوتاپ ئېلىۋېتىش، تۈۋىنى يۇمشىتىش ئارقىلىق، ماي قوڭغۇزىنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ زىيان سېلىش شارائىتىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم.

3) ماي قوڭغۇزى ھۆل تۇپراققا ئامراق، ئەمما سۇغا چىدامسىز بولۇپ، سۇ قويۇلغان ھامان تۇپراق ئۈستىگە ئۆمىلەپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۈچ تەشكىللەپ تۇتۇپ يوقى-

ىش لازىم، بۇنىڭ ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ،
تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېپىز قاتلىمىغا يۆتكىلىدۇ.
بۇ مەزگىلدە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، يەر ئۈستىگە ئۆ-
مىلەپ چىققانلىرىنى تېرىپ يوقىتىش لازىم. ماي قوڭغۇزى
قانات چىقىرىپ ئۇچۇشقا باشلىغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ
نۇرغا ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ مەزگىلدە چى-
راغ نۇرى ئارقىلىق ئالداپ يوقىتىش كېرەك.

4) خىمىيىلىك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئۇنۇملۇك
تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ زىيان سېلىش ھەرى-
كىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن باشقا بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئالسىمۇ
ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

### 2) موزايىبېشى

موزايىبېشى توغرا قاناتلىقلار ئەترىتى، موزايىبې-
شى ئائىلىسىگە كىرىدىغان، كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل
يەر ئاستى زىيانداش ھاشارەت بولۇپ، كۆپ ھاللاردا
كۆچەتكە زور زىيان يەتكۈزىدۇ.

مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

موزايىبېشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە
تارقالغان بولۇپ، يېتىلگەن قۇرتىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى
40—45 مىللىمېتىر، قورسىقى سېلىندىرشەكىللىك كېلىدۇ.
پۇت ۋە ئارقا تەرەپلىرىنىڭ ئىچكى كىرۋىكىدە قىلتىرىقسى-
مان تىكەنلىرى بولىدۇ. لېچىنكىسىنىڭ قورسىقى سارغۇچ

قوڭغۇر بولۇپ، سىلىندىر شەكىللىك كېلىدۇ. 4 — 5 ياشلىقتىن ئاشقان لېچىنكىلىرى يېتىلگەن قۇرتىغا ئوخشايدۇ.

### ياشاش شارائىتى

موزايىبېشى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قېلىن تۇپراق قاتلىمىغا كىرىۋېلىپ ئۇخلايدۇ. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇپراقنىڭ ئۈستى قاتلىمىغا چىقىشقا باشلايدۇ. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۇپراق ئۈستىگە چىقىپ زىيان سېلىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ جۈپلىشىپ تۇخۇم سېلىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن، كۆپلەپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. بۇ مەزگىل ئۇنىڭ زىرائەت ۋە كۆچەتلەرگە ئېغىر زىيان سېلىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھاۋا تازا ئىسسىغان مەزگىللەردە 30 — 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراققا كىرىۋېلىپ تۇخۇم چىقىرىدۇ. ھەر بىر چىشىسى قۇرت ئادەتتە 120 - 160 تۇخۇم چىقىرىدۇ. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىن ئاخىرىغىچە لېچىنكا ۋە يېڭىدىن يېتىلگەن قۇرتلار قىشلىق ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزىغا ئېغىر زىيان سالىدۇ.

### زىيان سېلىش ئەھۋالى

موزايىبېشى يۇمران ئانار كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا ئامراق بولۇپ، ئاساسەن كۆچەتخانىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، يېرىم كېچىدە ھەرىكەتلىنىدۇ. كۆچەتخانىغا سۇ قويغاندا سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. موزايىبېشى ئاساسەن بىر - ئىككى يىللىق ئانار

كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىنى قىرىپ يەيدۇ، بولۇپمۇ بىر يىللىق يۇمران كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزىدىغا سالىدىغان زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. ئۇ بىر كېچىدە 1 — 2 تۈپ كۆچەتنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ ھەر بىر قۇر بويىچە تۇتاش ھالدا ئون نەچچە تۈپ كۆچەتنىڭ يىلتىزىنى قىرىپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

موزايېبىشى يورۇقلۇققا ئىنتىلىشچان بولۇپ، شامال سۈرئىتى ئاستا، ئايدىڭ بولمىغان كېچىلەردە چىراغ ئاستىغا كۆپلەپ توپلىشىدۇ. ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر بولۇپ، ئات تېزىكى قاتارلىق چىرىگەن ئورگانىك قىغلارغا ئىنتىلىدۇ. ئۇ نەملىكنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا نەم تۇپراقتا ياشايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يوقىتىش لازىم.

1) كۆچەتخانىنى تاختىلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، 500 گرام بىر پىرسەنتلىك «666» پاراشوكى بىلەن 100 جىڭ يۇمشاق توپىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈپ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ھەر بىر مو يەرگە 1.5 كىلو گرام «666» پاراشوكى ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

2) زەھەرلىك يەم بىلەن ئالداپ يوقىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، 500 گرام ئالتە پىرسەنتلىك نەملەنىشچان «666» ياكى 250 گرام 20 پىرسەنتلىك «666» گە بەش كىلو-گرام چالا پىشۇرۇلغان يەم قوشۇپ زەھەرلىك يەم ياساپ، كۆچەتخانىغا تەكشى چېچىپ يوقىتىش لازىم.

3) ئورا كولاپ يوقىتىش. كۆچەتخانىغا ھەر 20 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئاغزىنى كىچىك، ئىچىنى كەڭ قىلىپ ئورا كولاپ، ئورىغا ئات تېزىكى ياكى ھۆل ئوت - چۆپلەرنى سېلىپ قويسا، موزايېپىشى كېچىسى ئورىغا يىغىلىدۇ.

4) يورۇققا ئىنتىلىشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىش. بۇنىڭدا كۆچەتخانىدا ئەتراپىغا كېچىسى چىراغ يېقىپ، قۇرتلارنى يورۇقلۇققا جەلپ قىلىپ يوقىتىش لازىم.

5) نەملىكنى ياخشى كۆرۈشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىش. كۆچەتخانىغا ھەر قېتىم سۇ قويغاندا يەر ئاستىدىكى موزايېپىشى سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. شۇ مەزگىلدە تۇتۇپ يوقىتىش كېرەك.

3) ئۆرۈك كۆك پىتى

ئۆرۈك كۆك پىتى ئۆرۈككىلا ئەمەس، بەلكى ئانارنىڭ يۇمران كۆچەتلىرىگىمۇ زىيان سالىدىغان ھاشارات. ئۇنىڭ رەڭگى كۆك، ئۆزى ئىنتايىن كىچىك، تېنى ئاجىز بولۇپ، زىيىنى ئېغىر.

زىيان سېلىش ئەھۋالى

ئانارنىڭ بىر يىللىق يۇمران كۆچەتلىرىنىڭ يوپۇرماق ۋە غولىغا چاپلىشىۋېلىپ، شورىغۇچى ئېغىزى ئارقىلىق يوپۇرماق ۋە يۇمران نوتىلارنىڭ شىرنىسىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەرنىڭ غول - يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ ئۆسۈشتىن توختايدۇ. ئۆرۈكلۈك باغ ئەتراپىدا يېتىشتۈرۈلگەن ئانار كۆچەتلىرى ئۆرۈك كۆك پىتىنىڭ زىيىنىغا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆرۈك دەرە-

خى. ئاستىدا ۋە ئەتراپىدا ئۆستۈرۈلگەن ئانار دەرەخىگە تاراپ، يوپۇرمىقى ۋە غولىغا مىختەك قادىلىۋالىدۇ ۋە شىلىمشىق سۈيۈقلۇق چىقىرىپ، غول، يوپۇرماقلارنى ھۆل قىلىپ قويىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەرنىڭ سارغىيىپ ئۆسۈشتىن توختايدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

1. ئانار كۆچىتىگە چۈشكەن كۆك پىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆرۈك دەرىخىگە كۆك پىت چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆرۈك چېچەكلەشتىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇنىڭدا، ئۆرۈك دەرىخىگە 2 — 3 بومېي گرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى چاچسا يېڭىدىن تۆرەلگەن كۆك پىت ۋە تۇخۇملىرى تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

2. كۆك پىت پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەتتە ئۈلۈش 40 پىرسەنتلىك روگورغا ئۈچ ئۈلۈش سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، دەرەخنىڭ غولىغا ئالتە سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئايلاندۇرۇپ سۈركەپ قويسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

3. كۆچەتخانىنى ئۆرۈكلۈك باغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

### 4) ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسى

ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسى پەردە قاناتلىقلار ئەترىتى، كەڭ غوللۇق كېپىنەك ھەرە ئائىلىسىگە كىرىدۇ.

تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىش ئەھۋالى

ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. ئۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىگە تېشىپ كىرىپ زىيان سالغاندىن باشقا، بادامنىڭ مېغىزىغىمۇ ئېغىر زىيان سالىدۇ. ھاۋا ئىسسىق مەزگىلدە ئۇ ئانارنىڭ ئانىلىق چېچىكىگە قونۇپ، شىرنە ۋە ئۇزۇقلۇقنى سۈمۈرۈۋېلىپ، مېۋە تۈگۈشكە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ لىچىنكىسى ئانارنىڭ مېۋىسىنى تېشىپ كىرىپ ئۇرۇقىنى يەپ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ۋە تەمىنى بۇزۇۋېتىدۇ. زىيان سېلىشى ئېغىر بولغاندا مېۋىسى يېرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

چىشىسىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى 4 — 7 مىللىمېتىر، قانات كەرمىسى 10 مىللىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بېشى چوڭ ھەم قارا، مۈرەككەپ كۆزى سۇس قىزىل، قورساق قىسمى قىزىل ھەم پارقىراق بولىدۇ. تۇخۇم تۇغۇش ئەزاسى پور رەڭ بولۇپ، ئادەتتە ئۇزۇنىسىغا يېرىلغان قورساق غىلىپى ئىچىدە تۇرىدۇ. ئەركىكى چىشىسىغا قارىغاندا سەل كىچىك بولۇپ، تەن ئۇزۇنلۇقى بەش مىللىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. چىشىسىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، سەزگۈر بۇرۇتىنىڭ 3-، 9- بوغۇملىرى ئۈستىدە ھالقىسىمان تىزىلغان ئۇزۇن تۈكچىلىرى بولىدۇ، قورساق قىسمى قارا بولىدۇ.

تۇخۇمى: ئاق ھەم كىچىك بولۇپ، ئانار مېۋىسىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايدۇ.

لىچىنكىسى: رەڭگى ئاق، ئۇزۇنلۇقى 6 — 10 مىللىمېتر كېلىدۇ، بەدىنى ئەگرى، ئىككى بېشى ئۇچلۇق، ئوتتۇردىسى چوڭ بولىدۇ. باش قىسمىدا تەرەققىي قىلمىغان سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك بىر جۈپ ئۈستۈنكى ئىڭىكى بولۇپ، ئىچكى قىرغىقىدا بىردىن ئۆتكۈر چىشى بولىدۇ. پۇتى بولمايدۇ.

قورچىقى: ئۇزۇنلۇقى 5·5 — 7 مىللىمېتر كېلىدۇ، قورساق قىسمى يوغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. قورچاققا ئايلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە بەدىنى سېرىق ماي رەڭگىدە، كۆزى قىزىل بولىدۇ.

## ياشاش ئادىتى

ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسى رايونىمىزدا يىلىغا بىر ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ لىچىنكىسى باغلارغا تۆكۈلۈپ قالغان ئۆرۈك، بادام، ئانار مېۋىلىرىدە قىشلايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئانار مېۋىسىدە ياشاپ ئۇرۇقىنى يەپ بولىدۇ. بەزىدە ئانار مېۋىسىنىڭ ساپاق تەرىپى ياكى كىندىك تاجىسىنى تېشىپ سىرتقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان ئانار مېۋىسىنى ئوڭايلا بىلگىلى ياكى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قورچاققا ئايلىنىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پۈتۈنلەي قورچاققا ئايلىنىپ بولىدۇ ۋە پۈتۈنلەي يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن چېتىشىپ ئۆرۈك، بادام، ئانار مېۋىسىگە تۇخۇم سالىدۇ، ئادەتتە تۇخۇم سېلىش نەيچىسىنى مېۋىنىڭ ساپاق تۈۋىدىن سانجىپ كىرگۈزۈپ، ئۇرۇقىنىڭ ئەتراپىغا تۇخۇم سالـ

دۇ. ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلىرى ھەرىكەت قىلماي يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كۈندۈزى ئۇچۇپ يۈرۈپ تۇخۇم سالىدۇ، بولۇپمۇ چۈشتە ھاۋا ئىسسىغاندا تۇخۇم سېلىشى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. بىر دانە چىشى ھەرە 120 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئادەتتە بىر مېۋىگە بىرلا تۇخۇم سالىدۇ. تۇخۇم سېلىش مەزگىلى بىر ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇخۇمدىن بىرىنچى ئەۋلاد لىچىنكا چىقىپ مېۋە ۋە ئۇچكە ئىچىدە ياز ۋە قىشنى ئۆتكۈزىدۇ.

## ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

1. ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ يىگىلەپ تۆكۈلۈپ قالغان، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن مېۋە ۋە ئۇچكىلەرنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى يەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋېتىش لازىم. ئەمما ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان ئانار مېۋىسى ئاسانلىقچە يىگىلەپ تۆكۈلۈپ قالمايدۇ. لېكىن زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى رەڭگىگە قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تاراپ كېتىش خەۋپىنى قىسمەن تىزگىنلەپ قالغىلى بولىدۇ.

2. ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان ئۇچكىلەر ساغلام ئۇچكىلەردىن يېنىك بولۇپ، سۇ قويغاندا لەيلەپ چىقىدۇ. بۇ ئۇچكىلەرنى سۈزۈپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

3. ئۆرۈكنىڭ چېچەكى توزىغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش لازىم.

4. ئانار دەرىخى چېچەكلىگەن مەزگىلدە ئۆرۈك مېغىزى ھەرىسىنىڭ ئۇچۇپ كېلىپ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، لاتا،پاختا قاتارلىقلارنى ھىدى كۈچلۈك دېھقانچىلىق دورىلىرىغا چىلاپ سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەتكەندىن كېيىن خالتىنى ئانار دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇش ۋە دورىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرۇش ئۈچۈن، خالتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ قويۇش لازىم. ئانار دەرىخى چېچەكلىگەن، لېكىن چېچىكى تۈزىمىگەن ئەھۋالدا دېھقانچىلىق دورىسى چېچىشقا بولمايدۇ.

## 3. ئانار دەرىخىگە زىيان سالىدىغان پارازىت ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇلارنى يوقىتىش

ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر ياشايدۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۆزىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرسە، ئازساندىكىلىرى باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىغا يامىشىپ پارازىتلاپ، ئۇلارغا زىيان سالىدۇ. بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەردىن بەزىلىرىنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. تۆۋەندە ئانار دەرىخىگە زىيان سالىدىغان سېرىق يۆگەي بىلەن يۆگىمەچىنىڭ زىيان سېلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. سېرىق يۆگەي

سېرىق يۆگەي (جەنۇبىي شىنجاڭدا سېرىق ئوت

دەپ ئاتىلىدۇ) يېقىرى دەرىجىلىك ئۇرۇقلۇق پارازىت ئۆسۈملۈك بولۇپ، يۆگىمەچ گۈل ئائىلىسى، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقدىشىغا كىرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدگە تارقالغان، ئۇنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرگە يامىشىپ ياشايدىغىنى تاق ئاتىلىق سېرىق يۆگەي بولۇپ، پارازىت خوجىسىنىڭ غول ۋە شاخلىرىغا چىرمىشىپ ياشايدۇ.

مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى

سېرىق يۆگەي سامان غوللۇق ياماشقۇچى ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى بولمايدۇ، غولى ئىنچىكە، سېرىق ياكى ئاچ سېرىق بولىدۇ. ئاتىلىق تۈۋرۈكى تاق ھەم قىسقا بولۇپ، گۈلتاج ئىچىدە تۇرىدۇ، ئاتىلىق تۇمشۇقى يۇمىلاق كېلىدۇ، ھەر بىر مېۋىسىدە 2 — 4 تال ئۇرۇقى بولىدۇ.

پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى

سېرىق يۆگەينىڭ ئۇرۇقى تۇپراقتا قىشلاپ، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا بالدۇر بىخلىنىپ، زىرائەت ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ يېمران غول - نوتىلىرىغا يامىشىپ ئۆسۈپ، قاتتىق قات بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىرمىشىپ چىققاندىن كېيىن تۈۋى ئۈزۈۋېتىلىسىمۇ ھايات كەچۈرۈۋېرىدۇ. ئۇرۇقى پىشقاندىن كېيىن تۇپراققا تۆكۈلىدۇ.

زىيان سېلىش ئەھۋالى

سېرىق يوگەي 1 — 3 يىللىق ياش دەرەخلەرنىڭ غول، شاخ، يوپۇرماقلىرىغا يامىشىۋېلىپ، ئۇلاردىن سۇ ۋە ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈۋالىدۇ. زىيىنى يېنىك بولغاندا دەرەخ

لەرنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. ئېغىر بولغاندا دە-رەخلەرنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرىنى چىرماپ، پۈتۈن تۆپنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

1) ئۈنۈپ چىققان مەزگىلدىلا بىر - بىرلەپ يۇلۇپ ئېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش كېرەك.

2) ئۇرۇقى پىشقاندا پەيتىدە چىڭ تۇتۇپ پۈتۈن تېپنى بىلەن تولۇق يىغىۋېلىپ، مىللىي تىبابەتچىلىكتە پايدىلىنىش، ئۇرۇقىنىڭ تۇپراققا تۆكۈلۈپ قېلىشىدىن ساق-لىنىش لازىم.

3) دەرەخلەرگە بولغان پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، تۇۋى-نى ۋاقتىدا چاناپ ۋاقتىدا ئوتاش، دەرەخلەرنىڭ ئاستى قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان هارام شاخلارنى كېسىۋېتىپ، سېرىق يۆگەيننىڭ دەرەخكە چىرمىشىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىق كېرەك.

4) كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان يەرلەرنى چوڭقۇر ئاغ-دۇرۇپ، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقىنى چوڭقۇر كۆمۈپ، ئۈنۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى تۈگىتىش كېرەك.

2. يۆگىمەچ

مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى

يۆگىمەچ يەر بېغىرلاپ ياكى زىرائەت ۋە دەل-دەرەخلەرگە يۆگىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈم-لۈك. ئۇنىڭ شىرنىسى سۈتتەك ئاق بولىدۇ، يوپۇرمىقى

ئاددىي بولۇپ، ئۆۋە تىلىشىپ ئۆسىدۇ، چېچىكى قوش جىنىس-
لىق بولۇپ، رەتلىك جايلاشقان بولىدۇ، چوڭ ۋە كۆركەم
كېلىدۇ. قوڭغۇراقسىمان ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى قارا، مىقدا-
رى كۆپ بولۇپ، ئاسانلىقچە تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ.

پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى

يۆگىمەچىنىڭ ئۇرۇقى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن
تۇپراققا تۆكۈلۈپ تۇپراقتا قىشلايدۇ. ئەتىياز پەسلىدە
بالدۇر ئۈنۈپ چىقىپ، ئېتىز - قىرلاردا يەر بېغىرلاپ ئۆ-
سىدۇ ياكى زىرائەت، دەل - دەرەخلەرگە يامىشىپ ها-
يات كۆچۈرىدۇ.

زىيان سېلىش ئەھۋالى

ئانارنىڭ 1 — 2 يىللىق يۇمران كۆچەتلىرىگە چىر-
مىشىپ، ئۇلارنىڭ غول - شاخلىرىنى چىرماپ جاراھەت
ئىزى پەيدا قىلىدۇ. زىيىنى يېنىكرەك بولغاندا كۆچەت-
لەرنى چىرمىۋېلىپ ھاۋا ئۆتۈشتۇرمەي، يوپۇرماقلىرىنى
سارغايتىۋېتىدۇ. زىيىنى ئېغىر بولغاندا زىيانلىق ھاشارات-
لەرنىڭ كۆچەت تېنىدە ماكانلىشىشىغا پايدىلىق شارائىت
يارىتىپ بېرىدۇ ھەتتا بىر نەچچە ئون تۈپ كۆچەتنى
بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ
يېتىلىشىنى چەكلەيدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش

1) كۆچەتخانىغا بولغان پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، يۆ-
گىمەچ ئۈنۈپ چىققان ھامان يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يۇ-
لۇپ ئېلىۋېتىش، چالا قالغانلىرىنى كۈز پەسلىدە پۈتۈن
تېنى ۋە ئۇرۇقى بىلەن يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم.

2) كۆچەتلەرگە چىرمىشىپ كەتكەن بولسا يىلتىزى
يۇلۇپ تاشلانسىلا غولى قۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
كۆچەتنىڭ قوۋزىقى زەخىملىنىش ياكى شاخلىرى سۇنۇپ
كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر - بىرلەپ ئاجرىتىپ ئې-
لىپ يۇرمەي، يىلتىزىنى يۇلۇۋېتىش كېرەك.

本书主要介绍了石榴树的栽培技术，及其病虫害的防治，石榴的经济价值和治病作用。

مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئىلمى

# ئانار

ئاپتورى: مۇھەممەتئېمىن توختى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھىدايىتۇللا سەلەي
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 4.75
1990 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2750

---

ISBN7—5373—0230—8/S·29
باھاسى: 0.80 يۈەن

果树栽培学

# 石　榴

穆牢木德依明·托合提著

责任编辑：依达耶吐拉·色来

责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版

新 疆 新 华 书 店 发 行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米　32开本　4.75印张

1990年7月第1版　1990年11月第1次印刷

印数：1—2750

ISBN7—5373—0230—8/S·29（民文）

定价：0.80元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەلشات تۇرسۇن

ISBN7 — 5373 — 0230 — 8

(民文) S·29 باھاسى: 0.80 يۈەن